# ئىزدىنىش

(تاللانما)

9

2000

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com


# ئىزدىنىش

(ئايلىق ژۇرنال)

(تاللانما)

2000-يىل 9-سان
(ئومۇمىي 147-سان)


**ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى باشچىلىقىدا نەشر قىلىنغان «ئىزدىنىش»نىڭ 2000-يىللىق 12-، 13-، 14-سانلىرىدىن تاللاپ تەرجىمە قىلىندى**

---

## مۇندەرىجە


**مەملىكەتلىك پارتىيە مەكتەپلىرى خىزمىتى يىغىنىدا قىلىنغان سۆز**
(2000-يىل 6-ئاينىڭ 9-كۈنى) ........................................ **جياڭ زېمىن(2)**

**"ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش" توغرىسىدا** ................................ **دەي جۇ(18)**

**باشتىن-ئاخىر دەۋرنىڭ ئالدىدا مېڭىش**
—جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى دۇنياغا كەلگەنلىكىنىڭ 79-يىللىقىنى خاتىرىلەش
مۇناسىۋىتى بىلەن ........................................ **ژۇرنىلىمىز ئوبزورچىسى(35)**

**مۇنەۋۋەر ياش كادىرلارنى تەربىيىلەش، تاللاپ ئۆستۈرۈش ئىشىنى چىڭ تۇتۇش كېرەك** ........................................ **ژۇرنىلىمىز ئوبزورچىسى(41)**


**★9-ئاينىڭ 5-كۈنى نەشردىن چىقتى★**

---


نەشر قىلغۇچى: مىللەتلەر نەشرىياتى
بېيجىڭ خېپىڭلى شىمالىي كوچا 14-قورۇ. پوچتا نومۇرى: 100013
مەملىكەت ئىچىدە بىرلىككە كەلگەن پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: CN11-2498
تىزغۇچى: مىللەتلەر نەشرىياتى ئېلېكترونلۇق مەتبە سىستېمىسى
باسقۇچى: مىللەتلەر باسما زاۋۇتى
باش تارقىتىش ئورنى: بېيجىڭ گېزىت-ژۇرنال تارقىتىش ئىدارىسى
ژۇرنالغا بېزىلىش ئورنى: مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار
پارچە سېتىش ۋە ۋاكالىتەن سېتىش ئورنى: مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار ۋە شىنخۇا كىتابخانىلىرى
چەت ئەللەرگە تارقىتىش ئورنى: جۇڭگو خەلقئارا كىتاب سودىسى باش شىركىتى (بېيجىڭ «399»خەت ساندۇقى)

# مەملىكەتلىك پارتىيە مەكتەپلىرى خىزمىتى يىغىنىدا قىلىنغان سۆز

(2000-يىل 6-ئاينىڭ 9-كۈنى)

**جياڭ زېمىن**

يولداشلار:

مەركەزنىڭ بۇ قېتىمقى مەملىكەتلىك پارتىيە مەكتەپلىرى خىزمىتى يىغىنىنى چاقىرىشى ئاساسلىقى مەركەزنىڭ ئەمدىلا چىقارغان 21-ئەسىرگە يۈزلىنىپ پارتىيە مەكتەپلىرى خىزمىتىنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش ھەققىدىكى قارارىنى ئىزچىللاشتۇرۇشنى ئورۇنلاشتۇرۇش ئۈچۈندۇر. يولداش خۇ جىنتاۋ پارتىيە مەكتەپلىرى خىزمىتىنى قانداق قىلىپ يەنىمۇ ياخشى ئىشلەش ھەققىدە سۆز قىلدى، ئۇنىڭ ئېيتقان پىكىرلىرىنى مەن قوللايمەن. بايا سۆز قىلغان بىرنەچچە يولداش ناھايىتى ياخشى سۆزلىدى. پارتىيىمىز پارتىيە مەكتەپلىرى خىزمىتىگە ئەزەلدىن ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە مەكتەپلىرى ئىنتايىن مۇھىم بىر ۋەزىپىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان، ئۇ بولسىمۇ پارتىيە ئۈچۈن زور بىر تۈركۈم مۇنەۋۋەر ياش، ئوتتۇرا ياشلىق كادىرلارنى يېتىشتۈرۈپ چىقىش ئۈچۈن تىرىشىشتىن ئىبارەت. بۈگۈن مەن يېڭى ئەسىرنىڭ تەلىپىگە ماسلىشالايدىغان ياش، ئوتتۇرا ياشلىق رەھبىرىي كادىرلارنى جىددىي تۇتۇپ يېتىشتۈرۈش مەسىلىسى ھەققىدە سۆزلەپ ئۆتەي.

ياش، ئوتتۇرا ياشلىق رەھبىرىي كادىرلارنى ئۈزلۈكسىز يېتىشتۈرۈش باشتىن-ئاياغ پارتىيىمىزنىڭ بىر تۈرلۈك ئىستراتېگىيىلىك ۋەزىپىسىدۇر. يولداش ماۋ زېدۇڭمۇ، يولداش دېڭ شياۋپىڭمۇ بۇ خىزمەتنى پارتىيىنىڭ ئىشلىرىنىڭ جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىشىغا ۋە نەچچە ئون مىليون ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ ئىسسىق قېنى بەدىلىگە كەلگەن قىزىل ھاكىمىيەتنىڭ مەڭگۈ ئۆزگەرمەسلىكىگە مۇناسىۋەتلىك ئىش قاتارىدا تونۇغان ۋە تەكىتلىگەن. پۈتۈن پارتىيىدىكى يولداشلار نۆۋەتتىكى ئىچكى-تاشقى ۋەزىيەتتىكى يېڭى ئەھۋاللارنى، يېڭى ئالاھىدىلىكلەرنى جەزمەن تونۇپ يېتىشى، پارتىيىمىزنىڭ يېڭى ئەسىردە ئورۇندىماقچى بولغان ئېغىر ۋەزىپىلىرىنى ئېنىق تونۇپ يېتىشى، پارتىيىمىزنىڭ قۇرۇلۇشىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى ئېنىق تونۇپ يېتىشى، شۇنىڭ بىلەن يېڭى ئەسىرنىڭ تەلىپىگە ماسلىشالايدىغان زور بىر تۈركۈم ياش، ئوتتۇرا ياشلىق رەھبىرىي

كادىرلارنى يېتىشتۈرۈپ چىقىشنىڭ ئىنتايىن مۇھىملىقى ۋە جىددىيلىكىنى يەنىمۇ تونۇپ يېتىشى لازىم.

خەلقئارا ۋەزىيەتتىن قارىغاندا، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان دۇنيادا نۇرغۇن ئىشلار يۈز بەردى، جاھان بەنىلا تىنچ ئەمەس، زومىگەرلىك ۋە زوراۋانلىق سىياسىتى تېخىمۇ ئەۋج ئالدى، ئەمما ھەرقايسى دۆلەت خەلقلىرىنىڭ تىنچلىقنى، تەرەققىياتنى ئارزۇ قىلىدىغان چوڭ دەۋر يۈزلىنىشى ئۆزگەرگىنى يوق. پەرەز قىلىشقا بولىدىغان ئۇزاقراق ۋاقىت ئىچىدە بىز تىنچ بولغان بىر خەلقئارا مۇھىتنى قولغا كەلتۈرەلەيمىز. بىز شۇنى سەگەكلىك بىلەن كۆرۈپ يېتىشىمىز لازىمكى، دۇنيادىكى كۈچلەر سېلىشتۇرمىسى ئېغىر دەرىجىدە تەڭپۇڭسىز بولغاچقا، ئامېرىكا ئىقتىساد، پەن-تېخنىكا، ھەربىي ئىشلاردا پەۋقۇلئاددە كۈچلۈك ئورۇندا تۇرغاچقا، دۇنيانىڭ كۆپ قۇتۇپلىشىش جەريانى ئوڭۇشلۇق بولمايدۇ، ئۇ خېلى ئۇزاق بولغان تەرەققىيات جەريانىنى بېسىپ ئۆتىدۇ. ئىقتىسادنىڭ دۇنياۋىلىشىشى بىر ئوبيېكتىپ جەريان بولۇش سۈپىتى بىلەن ئىككى ياقلىملىققا ئىگە. غەربتىكى تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەر ئىقتىسادنىڭ دۇنياۋىلىشىشىدا يېتەكچى ئورۇننى ئىگىللىۋېلىشقا ئۇرۇنۇۋاتىدۇ، تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەر ئومۇمىي جەھەتتە ئاجىز ئورۇندا تۇرماقتا، مۇبادا توغرا تەدبىر قوللانمىسا تېخىمۇ پايدىسىز ئورۇنغا چۈشۈپ قالىدۇ. دۇنيا پەن-تېخنىكىسىنىڭ ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىشى ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتقا بارغانسېرى مۇھىم ۋە بىۋاستە تەسىر كۆرسەتمەكتە. غەربتىكى تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەرنىڭ پەن-تېخنىكا كۈچى كۆرۈنەرلىك ئۈستۈنلۈككە ئىگە، تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەر بولسا تېخنىكىدا سەكرەپ ئىلگىرىلەشتەك پايدىلىق پۇرسەتكە يۈزلىنىش بىلەن بىللە زور بېسىمغىمۇ يۈزلەنمەكتە. نۆۋەتتىكى ھەرقايسى دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى، بولۇپمۇ چوڭ دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت مەركەزلىك ھالدا ئىقتىسادىي كۈچ، پەن-تېخنىكا كۈچى، دۆلەت مۇداپىئە كۈچى، مىللىي ئۇيۇشقاقلىق قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچى جەھەتتىكى كۈچ سىنىشىشى ۋە رىقابەتتە ئىپادىلەنمەكتە. پۈتۈن دۇنيا سىياسىي ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ بۇ ئالاھىدىلىكى 21-ئەسىردە يەنە خېلى ئۇزاق بىر مەزگىلگىچە داۋاملىشىدۇ. غەربتىكى دۈشمەن كۈچلەر سوتسىيالىستىك جۇڭگونىڭ تەرەققىي قىلىپ كۈچىيىپ كېتىشىنى خالىمايدۇ، ئۇلارنىڭ دۆلىتىمىزنى "غەربچىلەشتۈرۈش"، "پارچىلاش" ئىستراتېگىيىلىك غەرىزى ئۆزگەرمەيدۇ، دۆلىتىمىز بىلەن غەربتىكى دۈشمەن كۈچلەر ئوتتۇرىسىدىكى سىڭىپ كىرىش بىلەن سىڭىپ كىرىشكە قارشى تۇرۇش، ئاغدۇرمىچىلىق قىلىش بىلەن ئاغدۇرمىچىلىققا قارشى تۇرۇش جەھەتتىكى كۈرەش ئۇزاق مۇددەتلىك ۋە مۇرەككەپ بولۇپ تۇرىدۇ، ھەتتا بەزىدە ئىنتايىن كەسكىن بولىدۇ. بىز چوقۇم يۈكسەك ھوشيارلىقنى ساقلاپ، ئومۇمىي ۋەزىيەتنى تۇتۇپ تۇرۇشقا، ئەھۋالغا قاراپ ئىش كۆرۈشكە ماھىر بولۇپ، ھەم پرىنسىپال مەيداندا چىڭ تۇرۇشىمىز، ھەم كۈرەش سەنئىتىگە ئەھمىيەت بېرىشىمىز، قەتئىي ھالدا پايدىلىق پۇرسەتلەرنى چىڭ تۇتۇپ دۆلىتىمىزنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىشىمىز، دۆلىتىمىزنىڭ مەنپەئىتى ۋە بىخەتەرلىكىنى قەتئىي قوغدىشىمىز لازىم.

ئىچكى ۋەزىيەتتىن قارىغاندا، دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى يېڭى بىر تەرەققىيات دەۋرىگە قەدەم قويىدۇ. دۆلىتىمىز ھازىر سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا تۇرۇۋاتىدۇ. بۇ دەسلەپكى باسقۇچ دۆلەتنىڭ سانائەتلىشىشى ۋە دۆلەت ئىقتىسادىنىڭ ئىجتىمائىيلىشىشى، بازارلىشىشى،

زامانىۋىلىشىشنى ئىشقا ئاشۇرىدىغان ئۇزاق تارىخىي جەرياندۇر، بۇنىڭ ئومۇمىي نىشانى كېيىنكى ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئاساسىي جەھەتتىن ئىشقا ئاشۇرۇش، جۇڭخۇا مىللەتلەرىنىڭ بۈيۈك گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتۇر. بۇ ئۇزۇن جەرياندا، بىز بىرقانچە كونكرېت تەرەققىيات باسقۇچىنى بېسىپ ئۆتىمىز. 20 نەچچە يىللىق ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە تېز تەرەققىي قىلىش ئارقىلىق، دۆلىتىمىزنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى سەۋىيىسى، تەمىنلەش-تەلەپ مۇناسىۋىتى، تۈزۈلمە مۇھىتى، تاشقى ئىقتىسادىي مۇناسىۋىتىدە زور ئۆزگىرىشلەر بولدى. سانائەتلىشىشنى تېزلىتىش داۋامىدا، بىز يەنە خەلق ئىگىلىكىنى ئۇچۇرلاشتۇرۇشتەك يېڭى ۋەزىپىگە دۇچ كېلىمىز. بىز ئىككىنچى قەدەمدىكى ئىستراتېگىيىلىك نىشاننى غەلىبىلىك تاماملاش ئاساسىدا، ئۈچىنچى قەدەمدىكى ئىستراتېگىيىلىك نىشاننى يولغا قويۇپ، ھاللىق سەۋىيىدىكى جەمئىيەتنى ئومۇميۈزلۈك قۇرۇپ چىقىمىز ھەمدە زامانىۋىلاشتۇرۇش نىشانىغا قاراپ داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلەيمىز. بۇ ۋەزىپىنى ئورۇنداشتا بىزدە ئىشەنچ، شارائىت، ئىقتىدار بار. ئەمما بىز شۇنىمۇ سەگەكلىك بىلەن تونۇپ يېتىشىمىز لازىمكى، بۇ ۋەزىپىنى ئورۇنداشتا قىيىنچىلىق ۋە خېيىم-خەتەرمۇ بار، بۇ خېلىلا مۇشكۈل ۋە مۇرەككەپ ۋەزىپىدۇر. يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئاساس بولۇش ئورنىنى مۇستەھكەملەش، ئىقتىسادىي تۈزۈلمىنىڭ ئىستراتېگىيىلىك تەڭشىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش، پەن-تېخنىكا ۋە مائارىپ ئارقىلىق دۆلەتنى گۈللەندۈرۈش ئىستراتېگىيىسى ۋە سىجىل تەرەققىيات ئىستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇش، غەربىي رايونلارنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىشنى ياخشى ئىشلەش، بىرقەدەر مۇكەممەل بولغان سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش، دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا كىرگەندىن كېيىن دۇچ كېلىدىغان پۇرسەت ۋە خېيىم-خەتەرگە قارىتا مۇۋاپىق تەدبىر كۆرۈش، ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىقنىڭ مۇناسىۋىتىنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى بىزنىڭ بىلىمىمىزنى ۋە تەجرىبىلىرىمىزنى داۋاملىق كۆپەيتىپ، رەھبەرلىك سەۋىيەمىزنى ئۆستۈرۈشىمىزنى تەلەپ قىلىدۇ.

پارتىيە قۇرۇلۇشىدىن قارىغاندا، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، بىز دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى بىلەن پۈتۈن پارتىيىنى قوراللاندۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيىنىڭ رەھبەرلىك سەۋىيىسىنى ۋە ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش سەۋىيىسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش، كەڭ پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلارنىڭ چىرىتىشنى توسۇپ ئۆزگىرىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە خېيىم-خەتەرگە تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت بۇ ئىككى چوڭ تارىخىي تېمىنى چۆرىدىگەن ھالدا، پارتىيىنىڭ قۇرۇلۇشىنى ئومۇميۈزلۈك ئىلگىرى سۈرۈپ، زور نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردۇق. ئەمما شۇنىمۇ كۆرۈپ يېتىشىمىز لازىمكى، پارتىيىنىڭ ھەر دەرىجىلىك تەشكىلاتلىرى ۋە كەڭ پارتىيە ئەزالىرى، كادىرلارنىڭ قانداق قىلىپ يېڭى ۋەزىيەتنىڭ، يېڭى ۋەزىپىلەرنىڭ تەلىپىگە ماسلىشىپ ئۇيۇشقاقلىقى ۋە جەڭگىۋارلىقىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش، ئاۋانگارتلىق، نەمۇنىلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇش مەسىلىسى تولۇق ھەل بولغىنى يوق. پارتىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش، پارتىيە ئىچىدە ساقلىنىۋاتقان گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتا، يەنە نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلەشكە توغرا كېلىدۇ.

www.uyghurkitap.com

نۆۋەتتە، پارتىيىنىڭ كادىرلار قوشۇنى يەنە كونىلار بىلەن يېڭىلار ئالمىشىدىغان مۇھىم پەيتتە تۇرماقتا. پارتىيىنىڭ 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، بىز "ئىنقىلابىيلاشتۇرۇش، ياشلاشتۇرۇش، زىيالىيلاشتۇرۇش، ئىختىساسلاشتۇرۇش" تەلىپىگە ئاساسەن، ئاكتىپ تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، زور بىر تۈركۈم مۇنەۋۋەر ياش كادىرلارنى تەربىيىلىدۇق ۋە تاللاپ ئۆستۈردۇق. بىزنىڭ بۇ نۆۋەتلىك سىياسىي بيۇروىمىزنىكى يولداشلار ھەممىسى دېڭگۇدەك ئەينى ۋاقىتتا مەركەزنىڭ تارماقلىرى ۋە يەرلىكتىكى ياشراق يولداشلار ئىچىدىن تاللاپ ئۆستۈرۈلگەن. ھازىرقى ھەرقايسى تارماقلار، ھەرقايسى رايونلاردىكى رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ھەممىسى 80-ياكى 90-يىللاردا ئەينى ۋاقىتتىكى بىرقەدەر ياش يولداشلار ئىچىدىن تاللاپ ئۆستۈرۈلگەن. 20 يىلنىڭ ئالدىدىكىگە سېلىشتۇرغاندا، كادىرلار قوشۇنىمىزنىڭ ئوتتۇرىچە يېشى تۆۋەنلىدى، مەدەنىيەت سەۋىيىسى ئۆستى، زور ئۆزگىرىشلەر بولدى. يېقىنقى يىللار ۋە ئالدىمىزدىكى بىرنەچچە يىلدا كونا-يېڭى كادىرلارنىڭ ئالمىشىش سانى كۆپرەك. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇشتىن بۇرۇن ئۆسۈپ يېتىلگەن كادىرلارلا ئەمەس، "مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى"دىن بۇرۇن تەربىيىلەنگەن كادىرلارمۇ كەينى-كەينىدىن پېنسىيىگە چىقىدۇ، "مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى"دىن كېيىن ئۆسۈپ يېتىلگەن ياش كادىرلار تېخىمۇ مۇھىم رەھبەرلىك ئورنىغا چىقىدۇ. بۇ كونا-يېڭى كادىرلارنىڭ ئالمىشىش ئىشىنى چوقۇم ياخشى ئىشلەش لازىم. يولداش دېڭ شياۋپىڭ ئىلگىرى چوڭقۇر قىلىپ مۇنداق كۆرسەتكەن: "سىياسىي لۇشيەننى بېكىتىپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنى كونكرېت ئىجرا قىلىدىغىنى ئادەم. قانداق ئادەم ئىجرا قىلىدۇ، پارتىيىنىڭ سىياسىي لۇشيەننى قوللايدىغان ئادەممۇ، ياكى قوللىمايدىغان ئادەممۇ، ۋە ياكى ئوتتۇرا پوزىتسىيىدە تۇرىدىغان ئادەممۇ، بۇلارنىڭ ئاخىرقى نەتىجىسى ئوخشاش بولمايدۇ." مەسىلىنىڭ ھالقىسى شۇكى، بىز ئادەم تاللىغاندا ئامال بار توغرا تاللىشىمىز، تاللاپ بولغاندىن كېيىن تەربىيىلەش، ياردەم بېرىش ۋە نازارەت قىلىش خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇپ ئىشلىشىمىز لازىم. ياش، ئوتتۇرا ياشلىق كادىرلارنى تاللاپ ئۆستۈرۈش ۋە تەربىيىلەش مەسىلىسىنى مەن كۆپ ئويلاندىم. مۇبادا بۇ مەسىلىنى ياخشى ھەل قىلالمىساق، بىز يولداش ماۋ زېدۇڭغا، يولداش دېڭ شياۋپىڭغا ۋە ئىنقىلابىي ئەجدادلارغا يۈز كېلەلمەيمىز، پارتىيە ۋە خەلققە يۈز كېلەلمەيمىز.

1938-يىلى يولداش ماۋ زېدۇڭ مۇنداق كۆرسەتكەن: "جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى بىرنەچچە يۈز مىليون نوپۇسلۇق چوڭ مىللەت ئىچىدە ئۇلۇغ ئىنقىلابىي كۈرەشكە رەھبەرلىك قىلىۋاتقان پارتىيە، ھەم قابىلىيەتلىك، ھەم ئەخلاقلىق نۇرغۇن رەھبىرىي كادىرلار بولماي تۇرۇپ، ئۇ ئۆزىنىڭ تارىخىي ۋەزىپىسىنى ئورۇندىيالمايدۇ." "سىياسىي لۇشيەن ئېنىق بەلگىلەنگەندىن كېيىن، كادىر ھەل قىلغۇچ ئامىل بولىدۇ. شۇڭا، پىلانلىق رەۋىشتە نۇرغۇن يېڭى كادىر يېتىشتۈرۈش — جەڭگىۋار ۋەزىپىمىز." ھازىر پارتىيىمىز 1 مىليارد 260 مىليون نوپۇسقا ئىگە چوڭ دۆلەتتە ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتىدۇ، مۇرەككەپ بولغان ئىچكى-تاشقى ۋەزىيەتتە پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنى باشلاپ مۇشكۈل بولغان زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە زور تۈركۈمدىكى ھەم ئەخلاقلىق، ھەم قابىلىيەتلىك رەھبىرىي كادىرلار بولمىسا زادىلا بولمايدۇ. بۈگۈنكى ۋە كەلگۈسىدىكى دۇنياۋى رىقابەت، تۈپ نېگىزىدىن ئېيتقاندا، ئىختىساس ئىگىلىرى جەھەتتىكى رىقابەتتۇر. بۇ خىل ئىختىساس ئىگىلىرى جەھەتتىكى رىقابەت ھەر تەرەپلىملىك بولىدۇ،

رەھبەرىي خادىملارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەر ساھەدىكى، ھەر قاتلامدىكى ئىختىساس ئىگىلىرىنىڭ ھەممىسى بۇنداق رىقابەتنىڭ سىنىقىغا دۇچ كېلىدۇ. تارىخمۇ، رېئاللىقمۇ شۇنى كۆرسەتتىكى، بىر پارتىيە، بىر دۆلەتنىڭ مۇنەۋۋەر رەھبەرىي خادىملارنى ئۈزلۈكسىز تۈردە يېتىشتۈرۈپ چىقىش-چىقالماسلىقى خېلى زور دەرىجىدە بۇ پارتىيە، بۇ دۆلەتنىڭ ھايات-ماماتىنى بەلگىلەيدۇ. جۇڭگونىڭ سوتسىيالىزم ئىشلىرىنىڭ مۇستەھكەملە-نىش-مۇستەھكەملىنەلمەسلىكى، تەرەققىي قىلىش-قىلالماسلىقى، جۇڭگونىڭ كەلگۈسىدىكى كەسكىن خەلقئا-را رىقابەتتە باشتىن-ئاياغ قۇدرەتنى ساقلاپ قېلىش-قالالماسلىقى، مۇھىمى پارتىيىمىزنىڭ زور بىر تۈركۈم يۇقىرى ساپالىق رەھبەرىي خادىملارنى ئۈزلۈكسىز يېتىشتۈرۈپ چىقىش-چىقالماسلىقىغا باغلىق. مۇبادا بۇ مەسىلىنى ياخشى ھەل قىلالمىساق، يېڭى ئەسىردە ھەر خىل خېيىم-خەتەرنىڭ سىنىقىغا بەرداشلىق بەرمەكمىز تەس، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ بەلگىلەنگەن كۆرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرمىقىمىزمۇ تەس، پۈتۈن پارتىيىدىكى يولداشلار مۇشۇنداق سىياسىي يۈكسەكلىكتە تۇرۇپ، مۇنەۋۋەر ياش، ئوتتۇرا ياشلىق رەھبەرىي كادىرلارنى تەربىيىلەشنىڭ زور ئەھمىيىتىنى تونۇپ يېتىشى لازىم.مەركەزنىڭ تەلپىگە ئاساسەن بۇ خىزمەتنى بوشاڭلىق قىلماي جىددىيتۇتۇپ ئىشلىشى،قولنىڭ ئۇچىدا ئىشلىمەي ئەستايىدىل ئىشلىشى لازىم.

بۇ يىل 2-ئايدا مەن گۇاڭدۇڭنى كۆزدىن كەچۈرگەندە مۇنداق دەپ ئوتتۇرىغا قويدۇم: ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى ۋە پۈتۈن پارتىيىدىكى يولداشلار ”ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش“ تەلپى بويىچە پارتىيە قۇرۇلۇشىنى ئومۇميۈزلۈك كۈچەيتىشى ۋە ياخشىلىشى لازىم، بۇنىڭ بىلەن پارتىيىمىز مەڭگۈ يېڭىلمەس ئورۇندا تۇرسۇن، مەڭگۈ پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ چىن كۆڭلىدىن ھىمايە قىلىشىغا ئېرىشسۇن ھەم خەلقنى باشلاپ ئۈزلۈكسىز ئالغا ئىلگىرىلىسۇن. مەن بۇ مەسىلىنى ئۇزاق ۋاقىت ئويلىنىش ئاساسىدا ئوتتۇرىغا قويغان. ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئېلىپ بېرىش ۋە سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش شارائىتىدا، ”قانداق پارتىيە قۇرۇش، پارتىيىنى قانداق قۇرۇش“ ناھايىتى مۇھىم رېئال مەسىلە بولۇپ، ئۇ پارتىيىمىز ۋە دۆلىتىمىزنىڭ ئىستىقبالى ۋە تەقدىرى بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك. بۇ مەسىلىگە جاۋاب بېرىش ئۈچۈن، پارتىيىنىڭ 14-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 4-ئومۇمىي يىغىنى ۋە 15-قۇرۇلتىيىدا پارتىيە قۇرۇلۇشىدىكى يېڭى ئۇلۇغ قۇرۇلۇش ئوتتۇرىغا قويۇلغان. بىز پارتىيىنىڭ قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش جەھەتتە بەزى يېڭى تەجرىبىلەرگە ئېرىشتۇق. مېنىڭ ھېس قىلىشىمچە، يىغىپ ئېيتقاندا، بىزنىڭ يولداش ماۋ زېدۇڭ، يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ پارتىيە قۇرۇلۇشى توغرىسىدىكى نەزەرىيە ۋە بىر قاتار مۇھىم ئىدىيىلىرىدە چىڭ تۇرۇشىمىزنىڭ ئەڭ مۇھىم ئىپادىسى ئىدىيە ۋە ھەرىكەت جەھەتتە بۇ ”ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش“تا چىڭ تۇرۇشتىن ئىبارەت بولىدۇ. بۇ—پارتىيىمىزنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنىڭ ئاساسى، ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشىنىڭ ئۇلى، كۈچ-قۇدرىتىنىڭ مەنبەسى.

پۈتۈن پارتىيىدىكى يولداشلارنىڭ بولۇپمۇ يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلارنىڭ ”ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش“ تەلپىگە بىرلەشتۈرۈپ، پارتىيىمىزنىڭ كۆرەش مۇساپىسىنى ئەستايىدىل ئەسلەپ، پارتىيىمىز ئۇزاق مەزگىللىك ئەمەلىيەت جەريانىدا قولغا كەلتۈرگەن ئىجابىي ۋە سەلبىي تەرەپتىكى تارىخىي تەجرىبىلەرنى ئەستايىدىل مۇلاھىزە قىلىشنى، بولۇپمۇ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئېلىپ بېرىلغاندىن بۇيان پارتىيىمىزنىڭ

دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ھەر خىل خېيىم-خەتەرنىڭ سىنىقىغا بەرداشلىق بېرەلىگەنلىكىدىكى ئاساسىي تەجرىبىلىرىنى، پارتىيىمىز ئىچىدە ساقلانغان مەسىلىنى ھەل قىلىپ، خەلقنى باشلاپ ئەسىر ھالقىيدىغان تەرەققىيات ۋەزىپىسىنى تېخىمۇ ياخشى ئورۇنداش ئۈچۈن قانداق قىلىشىمىز كېرەكلىكىنى ئەستايىدىل مۇلاھىزە قىلىشنى ئۈمىد قىلىمەن. مۇشۇ مەسىلىلەرگە ئوبدان جاۋاب بېرىلسە، تەپەككۇر يولىمىز ۋە خىزمەت نىشانىمىز ئايدىڭلاشتۇرۇلسا، يېڭى دەۋردىكى پارتىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، زور بىر تۈركۈم ياش، ئوتتۇرا ياشلىق رەھبەرىي كادىرلارنى يېتىشتۈرۈپ چىقىش خىزمىتىنى تېخىمۇ ياخشى ئىشلىگىلى بولىدۇ.

پارتىيىمىز كۆنسېرى مۇرەككەپلىشىۋاتقان ئىچكى-تاشقى مۇھىتتا ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش فۇنكسىيىسىنى يۈرگۈزۈۋاتىدۇ، ھەر خىل سىياسەتلەرنى بېكىتىۋاتىدۇ ۋە ھەر تۈرلۈك خىزمەتلەرنى قانات يايدۇرۇۋاتىدۇ. بىزنىڭ ئىلگىرىلەش يولىمىز ئوڭۇشلۇق بولۇۋەرمەيدۇ، دۆلەت ئىچىدىن ۋە سىرتىدىن كەلگەن ھەر خىل قىيىنچىلىق ۋە خېيىم-خەتەرلەرگە دۇچ كېلىشىمىز تۇرغانلا گەپ. يىراقتىكىنى دېمەيلا قويايلى، پەقەت 15-قۇرۇلتايدىن بۇيانقى مۇشۇ ئىككى يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتقا قاراپ باقساقلا كۇپايە، بۇ ئارىلىقتا بىز ئاسىيا پۇل مۇئامىلە كرىزىسى ۋە ئېغىر كەلكۈن ئاپىتىنىڭ سىنىقىغا دۇچ كەلدۇق، ئامېرىكىنىڭ دۆلىتىمىزنىڭ يۇگوسلاۋىيىدە تۇرۇشلۇق ئەلچىخانىسىغا ئاشكارا ھۇجۇم قىلغانلىقى، ”فالۇن گۇڭ“ تەشكىلاتىنىڭ يىغىلىپ ئىش تېرىگەنلىكى، لى دېڭخۇينىڭ ۋەتەننى پارچىلايدىغان ئاتالمىش ”ئىككى دۆلەت سەپسەتىسى“نى ئوتتۇرىغا چىقارغانلىقى ھەم ”تەيۋەن مۇستەقىللىقى“نى تەشەببۇس قىلىدىغان چېن شۈييەننىڭ تەيۋەن رايونىدىكى سايلامدا سايلانغانلىقى قاتارلىق زور ئىشلار يۈز بەردى. شۇنداق دېيىشكە بولىدىكى، ۋەزىيەت دائىم ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ، بىزنىڭ ئىرادىمىزگە باغلىق ئەمەس. تۇيۇقسىز يۈز بەرگەن بۇ ۋەقەلەرگە بىزنىڭ تاقابىل تۇرۇشىمىز ۋە بىر تەرەپ قىلىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ. مۇشۇ يىللاردىن بېرى، بىز مۇھىم بىر تەجرىبىگە ئىگە بولدۇق: ۋەزىيەت قانچە مۇرەككەپ بولسا، ۋەزىپە قانچە ئېغىر بولسا، كۈرەش قانچە ئۆتكۈر بولسا، بىز دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ۋە پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنى، ئاساسىي فاڭجېنى، ئاساسىي پروگراممىسىدا شۇنچە چىڭ تۇرۇپ، قەتئىي تەۋرەنمەي زېھنىمىزنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى يۈكسەلدۈرۈشىمىز، قەتئىي تەۋرەنمەي پارتىيىنىڭ سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى باش نىشانى ۋە باش ۋەزىپىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشىمىز كېرەك. قانداق ئىش يۈز بېرىشىدىن قەتئىينەزەر، بۇ ئاساسىي نەرسىلەرنى ئۆزگەرتىشكە بولمايدۇ. مانا بۇلار بىزنىڭ يۆلەنچۈكىمىز. بۇ يۆلەنچۈك بولغاندا، بىز ھەرقانداق بوران-چاپقۇندىن قورقماي، تەمكىنلىك بىلەن ئىش كۆرەلەيمىز، پۇرسەتنى كەتكۈزۈۋەتمەي، چىڭ تۇتۇشنى، كونىلىقتا ئېسىلىۋالماي يول ئېچىپ ئالغا ئىلگىرىلەشنى ھەقىقىي ئىشقا ئاشۇرالايمىز. ھەر دەرىجىلىك رەھبەرىي كادىرلار ئىدىيە جەھەتتىن، نەزەرىيە جەھەتتىن مۇشۇ ئاساسىي نەرسىلەرنى مۇستەھكەم تىكلەپ، بۇنى مۇرەككەپ مەسىلىلەرنى ھەل قىلغاندا يۆلەنچۈك قىلىشى كېرەك. ياش، ئوتتۇرا ياشلىق رەھبەرىي كادىرلارنى تەربىيىلىگەندە، ئۇلارغا ھەرقانداق ۋاقىتتا مۇشۇ ئاساسىي نەرسىلەردە قەتئىي تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇش كېرەكلىكىنى ئېنىق بىلدۈرۈش لازىم. ياش، ئوتتۇرا ياشلىق رەھبەرىي كادىرلارنى ھەر تۈرلۈك مۇھىم كۈرەشلەردە بوران-چاپقۇنلارنىڭ سىنىقىدىن ئۆتكۈزۈشكە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. ئومۇمەن چوڭ

كۆرەشلەردە ۋە تۈيۈقسىز يۈز بەرگەن ئىشلاردا كاللىسىنى سەگەك تۇتالايدىغان، چىڭ دەسسەپ تۇرالايدىغان ھەم ئامىنى تەشكىللەپ ۋە باشلاپ قىيىنچىلىقنى يېڭەلەيدىغان ئادەملەرنى مۇھىم ئورۇنغا قويۇپ ئىشلىتىش ياكى نۇقتىلىق تەربىيىلەش كېرەك. قىسقىسى، سىياسىي جەھەتتە مۇستەھكەم، ھەر خىل خىيىم-خەتەرلەرگە تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارى بار، مۇرەككەپ ۋەزىيەتنى ئىگىلەشكە ماھىر بولغان زور بىر تۈركۈم مۇنەۋۋەر ياش كادىرلارنى تىرىشىپ تەربىيىلەپ چىقىش كېرەك.

ياش، ئوتتۇرا ياشلىق رەھبىرىي كادىرلارنى تەربىيىلەشتىن ئىبارەت بۇ مۇھىم ۋەزىپىدە، پارتىيە مەكتەپلىرى مۇھىم رول ئوينىشى كېرەك ھەم تامامەن ئوينىيالايدۇ. پارتىيە مەكتەپلىرى خىزمىتى پارتىيە ئىشلىرىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى، پارتىيە مەكتەپلىرى مائارىپىنى ياخشى قىلىش پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ تەرەققىياتىدا رېئال ۋە ئۇزاق مۇددەتلىك مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە مەكتەپلىرىنىڭ خىزمىتىنى ئاڭلىق ھالدا پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ ئومۇمىي ۋەزىيىتى بىلەن باغلاش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە مەكتەپلىرىدىكى يولداشلار ئىچكى-تاشقى ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىياتى ۋە پارتىيە قۇرۇلۇشىنىڭ ئەمەلىي تەلىپىنى چىقىش قىلىپ، خىزمەتنى ئىجتىھات بىلەن ئىشلەپ، ياش، ئوتتۇرا ياشلىق رەھبىرىي كادىرلارنى تەربىيىلەش ئۈچۈن كۆپرەك تۆھپە قوشۇشى كېرەك.

پارتىيىمىزنى ياخشى قۇرۇشتا، ئالدى بىلەن پارتىيىنىڭ ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلىرىنىڭ ئىدىيىۋى، سىياسىي ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش كېرەك، بولۇپمۇ ياش، ئوتتۇرا ياشلىق رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ئىدىيىۋى، سىياسىي ساپاسىنى تىرىشىپ يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ئۇلارنى ماركسىزمغا سادىق، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يولىدا مېڭىشتا چىڭ تۇرىدىغان، پارتىيىنى، دۆلەتنى ئىدارە قىلالايدىغان يېڭى بىر ئەۋلاد سىياسىئونلاردىن قىلىپ يېتىشتۈرۈپ چىقىش كېرەك. كەڭ ياش، ئوتتۇرا ياشلىق كادىرلار پارتىيىمىز ۋە دۆلىتىمىزنىڭ ئۈمىدى، پارتىيىمىز ۋە دۆلىتىمىزنىڭ كەلگۈسىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. ياش، ئوتتۇرا ياشلىق رەھبىرىي كادىرلارنى تەربىيىلەش خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇش بىلەنلا قالماستىن، بەلكى يەنە ياخشى تۇتۇش كېرەك. بۇ مەسىلىدە بىز چوقۇم ناھايىتى سەگەك بولۇشىمىز، ناھايىتى قەتئىي بولۇشىمىز كېرەك.

**بىرىنچى، ياش، ئوتتۇرا ياشلىق رەھبىرىي كادىرلارنىڭ پارتىيىۋىلىك تەربىيىلىنىشىنى زور كۈچ بىلەن كۈچەيتىپ، ئۇلارنى باشتىن-ئاخىر جان-دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش تۈپ مەقسىتىدە چىڭ تۇرىدىغان قىلىش كېرەك.** كەڭ ياش، ئوتتۇرا ياشلىق رەھبىرىي كادىرلار پارتىيە تارىخى ۋە ماركسىزملىق پارتىيە قۇرۇش نەزەرىيىسىنى سىستېمىلىق ئۆگىنىشى، پارتىيىۋىلىك، پارتىيە ئىستىلى تەربىيىسى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ سىياسىي ساپاسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈشى كېرەك. ئەڭ مۇھىمى جان-دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ئىدىيىسىنى تىكلەش، ئۆمۈر بويى ئۇنىڭدا چىڭ تۇرۇش كېرەك. پارتىيىنىڭ ئىشلىرى ياش، ئوتتۇرا ياشلىق كادىرلارغا مۇھتاج، كادىر بولىدىكەن، ھامان مەلۇم ئورنى ۋە ھوقۇقى بولۇشى كېرەك، بىراق ياش، ئوتتۇرا ياشلىق كادىرنىڭ ئۆزى كۆڭ بويى چوڭ ئەمەلدار بولۇشنى ئويلىماي، پارتىيە ۋە خەلق ئۈچۈن بىر ئىش قىلىپ بېرىشنى كۆپرەك ئويلىشى كېرەك. بەزى ئادەملەر كۆڭ بويى ئەمىلىنىڭ ئۆسۈشىنى ئويلايدۇ، ئاخىرى تەرەققىي قىلىپ مەنسەپ كويىدا قاترايدىغان، ئەمەل

تەلەپ قىلىدىغان، ئەمەل سېتىۋالىدىغان ئىشلارغىچە بارىدۇ، بۇ پارتىيىنىڭ تۈپ مەقسىتىگە پۈتۈنلەي خىلاپ. بۇ خىل ناچار خاھىش، ناچار كەيپىياتلارنى قەتئىي چەكلەش كېرەك. پارتىيە ۋە خەلق كەڭ ياش، ئوتتۇرا ياشلىق رەھبىرىي كادىرلاردىن ئاڭلىق ھالدا پارتىيىۋىلىك تەربىيىلىنىشنى كۈچەيتىپ، ئۇلۇغۋار ئىرادە تىكلەپ، پۇختىلىق بىلەن ئىشلەپ، چىن كۆڭلىدىن خەلق مەنپەئىتىنى كۆزلەشنى؛ توغرا دۇنياقاراش، كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى ۋە قىممەت قارىشىنى مۇستەھكەم تىكلەپ، ئۆزىگە قاتتىق تەلەپ قويۇپ، ئۆزى ئۈلگە بولۇپ، ھوقۇق، پۇل، سەتەڭلەرنىڭ سىنىقىغا بەرداشلىق بېرىپ، ھەر خىل چىرىك ھەرىكەتلەر ۋە خاتا ئىدىيىۋى ئېقىملارنى قەتئىي چەكلەشنى؛ دېموكراتىيىنى جارى قىلدۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، ئامما بىلەن زىچ ئالاقە باغلاپ، تەنقىد ۋە ئۆز-ئۆزىنى تەنقىدنى باتۇرلۇق بىلەن قانات يايدۇرۇپ، بيۇروكراتلىق ۋە شەكىلۋازلىققا قەتئىي قارشى تۇرۇپ، پارتىيىنىڭ ياخشى كادىرلىرىدىن، خەلقنىڭ ياخشى چاكارلىرىدىن بولۇشنى سەممىي ئۈمىد قىلىدۇ.

**ئىككىنچى، ياش، ئوتتۇرا ياشلىق رەھبىرىي كادىرلارنىڭ نەزەر دائىرىسىنى زور كۈچ بىلەن كېڭەيتىپ، ئۇلارنى دۇنيانىڭ چوڭ ۋەزىيىتىنى كۆزىتىشكە ماھىر ۋە دەۋرنىڭ تەلىپىنى توغرا ئىگىلىيەلەيدىغان قىلىش كېرەك.** پارتىيىمىز قۇرۇلغان ۋاقىتتىلا بىر تۈركۈم ئىلغار زىيالىيلارنىڭ ماركسىزم-لېنىنىزمنى تارقىتىشى ھەم تىرىشىپ ماركسىزم-لېنىنىزمدىن ئىبارەت بۇ ئەڭ ئىلغار ئىدىيىنى ئىشچىلار سىنىپىدەك جۇڭگودىكى ئەڭ ئىلغار سىنىپنىڭ كۈرەش ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈشى ئارقىلىق جۇڭگو ۋە دۇنيا تەرەققىياتىنىڭ دەۋر ئېقىمىغا ۋەكىللىك قىلغان. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى جۇڭگودىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ نەزىرىدە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ سىمۋولى، مىللەتلەر گۈللىنىشىنىڭ ئۈمىدى بولۇپ كەلدى. 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، پارتىيىمىز دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ئىدىيىدە ئازاد بولۇش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتىن ئىبارەت ئىدىيىۋى لۇشيەندە چىڭ تۇرۇپ، دۆلىتىمىزنىڭ ۋە باشقا دۆلەتلەرنىڭ سوتسىيالىزم قۇرۇشتىكى تارىخىي تەجرىبىلىرىنى چوڭقۇر خۇلاسىلەپ، دەۋر تەرەققىياتىنىڭ ئېقىمىغا ماسلىشىپ، يورەكلىك ھالدا ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئېلىپ بېرىپ، كەڭ قورساقلىق بىلەن دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەر جۈملىدىن كاپىتالىستىك دۆلەتلەر ياراتقان بارلىق ئىلغار نەتىجىلەرنى ئۆگىنىپ ۋە ئەينەك قىلىپ، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىگە رەھبەرلىك قىلىپ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش يېڭى ۋەزىيىتىنى ياراتتى. دۇنيا سوتسىيالىزم ھەرىكىتى ئېغىر ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغان ۋاقىتتا، پارتىيىمىزنىڭ داۋاملىق ھاكىمىيەت يۈرگۈزەلىشى ۋە تەرەققىي قىلالىشىدا، سوتسىيالىزمنىڭ جۇڭگودا يېڭى ھاياتىي كۈچكە ئىگە بولالىشىدا، بۇ بىر مۇھىم سەۋەب، شۇنداقلا بىر قىممەتلىك تەجرىبە. پۈتۈن پارتىيىدىكى يولداشلار بولۇپمۇ ياش، ئوتتۇرا ياشلىق رەھبىرىي كادىرلار چوقۇم ئۆگىنىشنى كۈچەيتىپ ۋە ئەمەلىيەتكە كۆپرەك قاتنىشىپ، ئۆزىنى كەڭ نەزەر دائىرىگە ئىگە قىلىپ، سەزگۈرلۈك بىلەن دۇنيا سىياسىتى، ئىقتىسادى، پەن-تېخنىكىسى، مەدەنىيىتى قاتارلىق ھەر ساھەدىكى ئۆزگىرىشلەرنى كۆزىتىش-نى ئۆگىنىۋېلىپ، باشتىن-ئاخىر دەۋر تەرەققىياتى، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئالدىدا مېڭىشى كېرەك. تارىختا، دۇنيا تەرەققىياتىنىڭ چوڭ يۈزلىنىشىگە قارىماي، بېكىنىۋېلىپ، ئۆز-ئۆزىنى

چۈشەپ، دۆلەت ۋە مىللەتنىڭ خارابلىششىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان مىساللار ناھايىتى كۆپ. مەسىلەن، چىڭ سۇلالىسى 1644-يىلدىن 1911-يىلغىچە جەمئىي 268 يىل داۋاملاشتى. 1661-يىلدىن 1796-يىلغىچە بولغان دەۋر تارىختا "كاڭشى-چيەنلۇڭ گۈللەنگەن دەۋرى" دەپ ئاتالدى. بۇ مەزگىلدە جۇڭگونىڭ ئىقتىسادىي سەۋىيىسى دۇنيادا ئالدىنقى قاتاردا ئىدى. چيەنلۇڭنىڭ ئاخىرقى يىللىرىدا جۇڭگو ئىقتىسادىنىڭ ئومۇمىي مىقدارى دۇنيادا بىرىنچى ئورۇندا تۇراتتى، نوپۇسى دۇنيا نوپۇسىنىڭ ئۈچتىن بىرىنى ئىگەللەيتتى، تاشقى سودىسى ئۇزۇن مەزگىل ئېشىندا ھالدا تۇراتتى. دەل مۇشۇ مەزگىلدە، غەربتە سانائەت ئىنقىلابى يۈز بەردى، پەن-تېخنىكا ۋە ئىشلەپچىقىرىش كۈچى تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلدى. بىراق، ئەينى ۋاقىتتىكى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمرانلىرى دۇنيانىڭ بۇ چوڭ ئۆزگىرىشىنى كۆرمىدى، ئۆزىنى نوچى دەپ ئىشكىنى تاقىۋېلىپ، ئىلغار پەن-تېخنىكىنى ئۆگىنىشنى رەت قىلدى. نەتىجىدە، قىسقىغىنا يۈز يىلدىن ئارتۇقراق ۋاقىت ئىچىدە، غەربتىكى دۆلەتلەردىن كۆپ ئارقىدا قالدى، ئاخىر بېرىپ غەربتىكى جاھانگىرلارنىڭ كۈچلۈك ھەربىي كېمىسى ۋە زەمبىرەكلىرى ئالدىدا بىر ھۇجۇمغىمۇ يارىمىدى. بۇ ئېسىمىزدە چىڭ ساقلاشقا تېگىشلىك تارىخىي ساۋاق! بىزنىڭ ھازىرقى بۇ ئەۋلاد ياش، ئوتتۇرا ياشلىق رەھبىرىي كادىرلىرىمىز ئىسلاھات-ئېچىۋې-تىش مۇھىتىدا ئۆسۈپ يېتىلگەن، ئومۇمىي جەھەتتىن ئېيتقاندا، بىلىمى نىسبەتەن مول، نەزەر دائىرىسى نىسبەتەن كەڭ، ئىدىيىسى نىسبەتەن جانلىق بولۇشتەك ئالاھىدىلىكى بار. بىراق، بۇ دۇنيا تەرەققىياتىنىڭ چوڭ يۈزلىنىشىگە ۋە دەۋر تەرەققىياتىنىڭ سەۋىيىگە نىسبەتەن ئىلمىي تونۇش ھازىرلىدى دېگەنلىك ئەمەس، ئۇلارنىڭ يەنە جاپالىق ئۆگىنىش ۋە خىزمەت ئەمەلىيىتى جەريانىدا ئۆز سەۋىيىسىنى ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈشىگە توغرا كېلىدۇ. پارتىيە مەكتەپلىرى ياش، ئوتتۇرا ياشلىق رەھبىرىي كادىرلارنى تەربىيىلىگەندە، ئۇلارنى ھازىرقى زامان دۇنيا ئىقتىسادى، سىياسىتى، پەن-تېخنىكىسى، قانۇن تۈزۈمى، ھەربىي ئىشلىرى قاتارلىقلارنى نىسبەتەن چوڭقۇر چۈشىنىدىغان ۋە ئىگەللەيدىغان قىلىشى، ئۇلارنىڭ دۇنياغا نەزەر سېلىش ئىقتىدارىنى تىرىشىپ يېتىشتۈرۈشى، ئۇلارنىڭ دۇنيا ئىشلىرىنى چۈشىنىش ۋە تەھلىل قىلىش ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىشى كېرەك. بۇ نۇقتا ناھايىتى مۇھىم.

**ئۈچىنچى، ياش، ئوتتۇرا ياشلىق رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ئىستراتېگىيىلىك پىكىر قىلىش ئىقتىدارىنى زور كۈچ بىلەن يېتىشتۈرۈپ، ئۇلارنى ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىپ، ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىق داۋامىدىكى چوڭ-چوڭ مەسىلىلەرنى ئۈزلۈكسىز تەتقىق قىلىپ ھەل قىلىشقا ماھىر قىلىش لازىم.** پارتىيىمىزنىڭ نەزەرىيە ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىشقا يۈكسەك دەرىجىدە ئېتىبار بېرىشى توغرا نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا يېتەكچىلىك قىلىش ئۈچۈندۇر. نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، ئومۇمىيلىق خاراكتېرىدىكى ئىستراتېگىيىلىك مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىش پارتىيىمىزنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسى. ھازىر بىز چوڭ بىر دۆلەتنى باشقۇرۇۋاتىمىز، خىزمەتنىڭ باش-ئايىغى يوق، ۋەزىپە ئېغىر، دۇچ كېلىۋاتقان مەسىلىلەر ئىنتايىن مۇرەككەپ ھەم ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. ئەگەر بىزنىڭ رەھبىرىي كادىرلىرىمىز نەزەرىيە ئۆگىنىشكە ئەھمىيەت بەرمىسە، چوڭ-چوڭ ئەمەلىي مەسىلىلەر ئۈستىدە ئىستراتېگىيە جەھەتتىن پىكىر يۈرگۈزمىسە ۋە تەتقىقات ئېلىپ بارمىسا، رەھبەرلىك

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش تەسكە چۈشىدۇ، شۇنداقلا بۇ ئىنتايىن خەۋپلىك. پارتىيىنىڭ 15-قۇرۇلتىيى پۈتۈن پارتىيىدىكى يولداشلارنى مەملىكىتىمىزنىڭ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىكى ئەمەلىي مەسىلىلەرنى، ھازىر قىلىۋاتقان ئىشلىرىمىزنى مەركەز قىلىپ، ماركسىزملىق نەزەرىيىنى تەتبىقلاشنى نەزەردە تۇتۇشقا، ئەمەلىي مەسىلىلەر ئۈستىدە نەزەرىيە جەھەتتىن پىكىر يۈرگۈزۈشنى نەزەردە تۇتۇشقا، يېڭى ئەمەلىيەت ۋە يېڭى تەرەققىياتنى نەزەردە تۇتۇشقا چاقىردى. بۇ ۋەزىپە ئىنتايىن مۇھىم. بىز بۇ جەھەتتە تەلەپتىن تېخى ناھايىتى يىراقتا تۇرماقتىمىز، ئۇنى تازا كۈچەيتىشىمىز كېرەك. ئەگەر بىزنىڭ ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلىرىمىز جۈملىدىن ياش، ئوتتۇرا ياشلىق رەھبىرىي كادىرلىرىمىز مۇشۇنداق قىلىشتا چىڭ تۇرالايدىغان ھەمدە ئۈزلۈكسىز يېڭى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرەلەيدىغان بولسا، پارتىيىمىزنىڭ ئىشلىرىدا ۋە تۈرلۈك خىزمەتلەردە يېڭى مەنزىلنى ئاچالايمىز. پارتىيە مەكتەپلىرى مۇشۇ تەلەپ بويىچە ياش، ئوتتۇرا ياشلىق رەھبىرىي كادىرلارنى تەربىيىلەپ، بىر قاتار تەكشۈرۈش-تەتقىق قىلىش ۋە ئىستراتېگىيىلىك مەسىلىلەرنى مۇلاھىزە قىلىش ئارقىلىق ئۇلارنىڭ چوڭ-چوڭ رېئال مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىپ ھەل قىلىش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇشىغا، چوڭ-چوڭ رېئال مەسىلىلەر ئۈستىدە ئىستراتېگىيە جەھەتتىن پىكىر قىلىش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈشكە ياردەم بېرىشى لازىم.

**تۆتىنچى، تېگى-تەكتىدىن ئالغاندا، ياش، ئوتتۇرا ياشلىق رەھبىرىي كادىرلارنىڭ نەزەرىيىۋى ساپاسىنى زور كۈچ بىلەن ئۆستۈرۈپ، ئۇلارغا ماركسىزملىق مەيدان، نۇقتىئىنەزەر ۋە ئۇسۇلنى ھەقىقىي ئىگەللىتىش كېرەك.** ماركسىزم — ئىلىم، ئۇ بىزنىڭ ئىدىيىۋى، سىياسىي ئېتىقادىمىز. ماركسىزم جۇڭگوغا كىرگەندىن بۇيان، جۇڭگونىڭ ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈش داۋامىدا ئىككى قېتىملىق تارىخىي سەكرەش بولدى، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى ۋە دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىدىن ئىبارەت ئىككى چوڭ نەزەرىيىۋى مۇۋەپپەقىيەت قولغا كەلدى. ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى تۈپ تومۇرىدىن بىر-بىرىگە باغلانغان بىر پۈتۈن ئىلمىي سىستېما بولۇپ، پارتىيىمىزنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسىدۇر. دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى زامانىمىزدىكى جۇڭگو سوتسىيالىزمىنىڭ ئىستىقبال ۋە تەقدىر مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتا بىۋاسىتە يېتەكچىلىك ئەھمىيىتىگە ئىگە. يېقىنقى بىرقانچە يىللىق ئىزچىل، چوڭقۇر قانات يايدۇرۇلغان نەزەرىيە بىلەن قوراللىنىش خىزمىتى ئارقىلىق پۈتۈن پارتىيىنىڭ دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىشىدە مەلۇم ئىلگىرىلەشلەر قولغا كەلدى، ئەمما ئۇنى بەك يۇقىرى مۆلچەرلەشكە بولمايدۇ. ھازىر 40 ياش ئەتراپىدىكى ياش كادىرلار ئومۇمەن ماركسىزم ۋە پارتىيىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسى ھەققىدىكى تەربىيىنى قوبۇل قىلدى، لېكىن تېخى دېگەندەك سىستېمىلىق، پۇختا ئەمەس. ئۇلار جۇڭگونىڭ تارىخى ۋە ھازىرقى ئەھۋالى ھەققىدە خېلى كۆپ چۈشەنچىگە ئىگە بولدى، لېكىن تېخى چوڭقۇر، كەڭ ئەمەس. ئۇلار پارتىيە تۇرمۇشى ۋە ئىجتىمائىي ئەمەلىيەت داۋامىدا مەلۇم چېنىقىشلارنىمۇ بېشىدىن كەچۈردى، لېكىن تېخى ئومۇمىيۈزلۈك، قاتتىق ئەمەس. دېمەك، بۇ بىر ئەۋلاد ياش كادىرلارنىڭ ماركسىزم ئاساسىي نەزەرىيىسىنى پۇختا ئىگەللەش جەھەتتە يېتەرسىزلىكى بار، جۇڭگونىڭ تارىخى ۋە رېئال ئەھۋالىنى سىستېمىلىق چۈشىنىش جەھەتتە يېتەرسىزلىكى بار، پارتىيە تۇرمۇشىدا ۋە جاپالىق مۇھىتتا قاتتىق چېنىقىش جەھەتتە

يېتەرسىزلىكى بار. قايسى جەھەتتە يېتەرسىزلىك بولسا شۇنى تولۇقلاش كېرەك. نەزەرىيىۋى بىلىم، تارىخىي بىلىمنى كىتابتىن ئۆگىنىۋالغىلى بولىدۇ، خىسلەت، ئىرادە جەھەتتىكى چېنىقىشنى ئاساسلىقى جاپالىق ئەمەلىيەت داۋامىدىلا ھەل قىلغىلى بولىدۇ. ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار بولۇپمۇ ياش، ئوتتۇرا ياشلىق رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ماركسىزم نەزەرىيىسى سەۋىيىسىنى ئىرىشىپ يۇقىرى كۆتۈرۈش پارتىيە ئىشلىرىنىڭ ئۈزلۈكسىز يول ئېچىپ ئالغا ئىلگىرىلىشىنىڭ مۇقەررەر تەلىپى، شۇنداقلا ياش، ئوتتۇرا ياشلىق رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىنىڭمۇ مۇقەررەر تەلىپى. پارتىيە مەكتەپلىرى باشتىن-ئاخىر ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ھەرقايسى دەرسلەرنىڭ نەزەرىيىۋى ئاساسى قىلىشى لازىم. «دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما»نى، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى مۇھىم ھۆججەتلىرىنى نۇقتىلىق ئۆگىنىش، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ماركس، ئېنگېلس، لېنىن، ستالىنلارنىڭ ۋە يولداش ماۋ زېدۇڭنىڭ مۇھىم ئەسەرلىرىنى ئىنچىكە ئوقۇش لازىم. رەھبىرىي كادىرلارنى ماركسىزمنىڭ ئاساسىي قائىدىلىرىدە باشتىن-ئاخىر چىڭ تۇرىدىغان ھەم ئۇنى توغرا قوللىنىدىغان قىلىش، ھەم يېڭى تەجرىبە، يېڭى ئىدىيىلەرنى ئۈزلۈكسىز قوبۇل قىلىپ، ئىلمىي روھ ۋە يېڭىلىق يارىتىش روھىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىپ، خىزمەتلەرنى ئىجادىي يوسۇندا قانات يايدۇرۇشقا جۈرئەت قىلالايدىغان ۋە ماھىر بولىدىغان قىلىش لازىم. ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار بولۇپمۇ ياش، ئوتتۇرا ياشلىق رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ھەممىسى مۇشۇنداق نەزەرىيىۋى ساپانى ھازىرلىغاندا، بىزنىڭ كەلگۈسىدىكى ئىشلىرىمىزدىن زور ئۈمىد بولىدۇ.

پۈتۈن پارتىيىدىكى يولداشلار بولۇپمۇ يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلار ئىستراتېگىيىلىك نەزەرگە ئىگە بولۇشى، پىششەدەم پرولېتارىيات ئىنقىلابچىلىرىدەك ئېگىزدە تۇرۇپ يىراقنى كۆرەلەيدىغان بولۇشى ۋە كەڭ قورساق بولۇشى، زور بىر تۈركۈم يېڭى ئەسىر تەلىپىگە ماس كېلىدىغان ياش، ئوتتۇرا ياشلىق رەھبىرىي كادىرلارنى تەربىيىلەش، يېتىشتۈرۈشتىن ئىبارەت بۇ زور سىياسىي ۋەزىپىنى ھەقىقىي ياخشى ئورۇندىشى لازىم. پارتىيە ۋە خەلق رازى بولىدىغان خىزمەت نەتىجىلىرىنى ياراتقاندا، پارتىيە ۋە خەلق ئىشىنىدىغان ئىز باسارلارنى يېتىشتۈرۈپ چىققاندا، ئۆزىمىزنىڭ تارىخىي بۇرچىنى ئادا قىلغان بولىمىز. بۇ جەھەتتىكى خىزمەتلەرنى مەركەز ئورۇنلاشتۇرۇپ بولدى، كۆپچىلىك ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ ئەمەلىيلەشتۈرۈشى لازىم، بۇ يەردە مەن مۇنداق ئۈچ نۇقتىنى تەكىتلەپ ئۆتىمەن.

**بىرىنچى، ئادەم تاللاشتا بىر خىل ئۆلچەم بىلەنلا چەكلىنىپ قالماسلىق، ئادەم ئىشلىتىشتە ئۇنىڭ ئارتۇقچىلىقىدىن پايدىلىنىش لازىم.** بۇ قەدىمكى زاماندىمۇ، ھازىرقى زاماندىمۇ، جۇڭگودىمۇ، چەت ئەللەردىمۇ ئادەم ئىشلىتىشنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك يولىدۇر. ياش، ئوتتۇرا ياشلىق رەھبىرىي كادىرلارنى تاللاشتا، ئىدىيىدە ئازاد بولۇپ، خىزمەت ساۋزى سۈرۈشتۈرۈش، مۇكەممەل بولۇشنى تەلەپ قىلىش، پرىنسىپسىز ئېتىبار بېرىش قاتارلىق قالاق ئىدىيىلەرنى قەتئىي چىقىرىپ تاشلاپ، ئىختىساسلىقلارنى تاللاشتا بىر خىل ئۆلچەم بىلەنلا چەكلىنىپ قالماسلىق لازىم. كادىرلارنى تاللاشتا ئەلۋەتتە دەرىجە، خىزمەت ساۋزى سۈرۈشتۈرۈش كېرەك. زۆرۈر بولغان دەرىجە ۋە خىزمەت ساۋزى كادىرلارنىڭ رەھبەرلىك تەجرىبىلىرىنى

توپلىشىدا كېرەك بولىدۇ. لېكىن ھەرگىزمۇ شەكىلۋازلىق قىلىپ ھەممىنى بىر قېلىپقا سېلىپ قويۇشقا بولمايدۇ، دەرىجىنى تەكىتلەش لېكىن دەرىجىگە ئېسىلىۋالماسلىق، خىزمەت ستاژى سۈرۈشتۈرۈش لېكىن خىزمەت ستاژىنى ھەممىدىن ئۈستۈن قويماسلىق لازىم. ئەگەر دەرىجە بەك كۆپ قىلىپ قويۇلسا، خىزمەت ستاژى زىيادە تەكىتلەنسە، مۇنەۋۋەر ئىختىساسلىق خادىملار قانداقمۇ ئۈستۈنگە چىقالىسۇن؟ ياشلاردا كەمچىلىك ۋە يېتەرسىزلىكلەرنىڭ بولۇشى چوقۇم. ئادەمگە باھا بېرىشتە ئۇنىڭ چوڭ تەرەپلىرىگە قاراش، ئاساسىي ئېقىمىغا قاراش، ئىلگىرىلىشىگە قاراش، مۇكەممەل بولۇشىنى تەلەپ قىلماسلىق لازىم. كەمچىلىك ۋە يېتەرسىزلىكى بولسا، مۇھىمى ئۇلارنىڭ تۈزىتىشى ۋە تولۇقلىشىغا ياردەم بېرىش كېرەك، تۈزەتسىلا، تولۇقلىسىلا بولىدى. ئادەم ئىشلىتىشتە ئۇلارنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىدىن پايدىلىنىش، يەنى يېتەرسىز تەرەپلىرىدىن قېچىپ، ئارتۇق تەرەپلىرىدىن پايدىلىنىش، ئۇلارنى ئارتۇقچىلىقلىرىنى جارى قىلدۇرۇشقا ئەڭ لايىق كېلىدىغان ئورۇنلارغا قويۇش كېرەك. بۇ كادىرنىڭ ئۆزىگىمۇ، پارتىيىنىڭ ئىشلىرىغىمۇ پايدىلىق. ئارتۇقچىلىقنى جارى قىلدۇرالايدىغان ئىشقا قويماسلىق كادىرنىڭ ئۆزىگىمۇ، پارتىيىنىڭ ئىشلىرىغىمۇ زىيانلىقتۇر. كۆپ تەرەپلىمە قابىلىيەتلىك ئادەملەر ۋە ھەممە جەھەتتىن تولۇق يېتىشكەن ئادەملەر قانداقلا بولمىسۇن ئاز سانلىق ئادەملەر. لېكىن بىزنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلىرىمىز، بولۇپمۇ ھەرقايسى رايونلار، تارماقلاردىكى ئاساسلىق مەسئۇل كىشىلەر ئومۇمىيۈزلۈك خىزمەتكە مەسئۇل بولغاچقا، ئۇلارنىڭ بىلىمى ۋە ئىقتىدارى ئەراپلىق بولۇشى، ھەم تەبىئىي پەن بىلىملىرىنى بىلىشى، ھەم ئىجتىمائىي پەن بىلىملىرىنى بىلىشى، ھەم مول كىتابىي بىلىمى بولۇشى، ھەم مول ئەمەلىي تەجرىبىسى بولۇشى لازىم، مۇشۇنداق بولغاندىلا ئاندىن ھەممە تەرەپكە چېتىلىدىغان رەھبەرلىك خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىيەلەيدۇ. كادىرلارنى ئىشقا قويۇشتا، ھەم ئەخلاقلىق بولۇش، ھەم قابىلىيەتلىك بولۇش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇش لازىم. مۇستەھكەم سىياسىي مەيدانى ۋە ئېتىقادى بولۇش، ئىقتىدارلىق ۋە بىلىملىك بولۇش، يول ئېچىپ ئىلگىرىلەش روھى بولۇش — مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاساسىي تەلەپ. لېكىن "ئەخلاقلىق بولۇش" بىلەن "قابىلىيەتلىك بولۇش" ئابستراكت نەرسە ئەمەس، بەلكى كونكرېت نەرسە. بىر كادىرنىڭ "ئەخلاقلىق بولۇش"، "قابىلىيەتلىك بولۇش" ئۆلچىمىگە ئۇيغۇن بولغان-بولمىغانلىقىنى ئۆلچەشتە، ھەم ئۇنىڭ ساپاسىغا، ھەم ئۇنىڭ ئەمەلىي خىزمەت نەتىجىسىگە قاراش كېرەك. دۆلىتىمىزنىڭ 1 مىليارد 200 مىليوندىن ئارتۇق نوپۇسى بار، پارتىيىمىزنىڭ 63 مىليون ئەزاسى بار، ھەر خىل كادىردىن 41 مىليوندىن كۆپرەكى بار، ئىختىساسلىق خادىملار سۆزسىز بار، ئاچقۇچ بىزنىڭ خىزمەتنى ياخشى قىلىش-قىلالماسلىقىمىزدا. ئادەمنى چۈشىنىش يولىنى زور كۈچ بىلەن كېڭەيتىپ، كەڭ دائىرىدىن ئادەم تاللاش يولىنى تۇتۇشىمىز، ئاممىۋى لۇشيەندە مېڭىشىمىز لازىم؛ بىزنىڭ پرىنسىپىمىز شۇنداق بولۇشى لازىم: ياخشىلارنى ئىشقا قويۇشتا چىڭ تۇرۇش، ئۆز يېقىنلىرىنىلا ئىشقا قويۇشقا قارشى تۇرۇش؛ ھەم ئەخلاقلىق بولۇش، قابىلىيەتلىك بولۇشنى تەلەپ قىلىش، ھەم مۇكەممەل بولۇشنى تەلەپ قىلماسلىق؛ ھەم ئۆلچەمدە چىڭ تۇرۇش، ھەم بىر خىل ئۆلچەم بىلەن چەكلىنىپ قالماسلىق. كادىر ئىشلىرى تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، كادىرلارنى يۇقىرىغا چىقارغىلىمۇ، تۆۋەنگە چۈشۈرگىلىمۇ بولىدىغان مېخانىزمنى شەكىللەندۈرۈپ، تۈزۈم ئارقىلىق مۇنەۋۋەر ياش كادىرلارنىڭ ئۈستۈنگە

چىقىشى ۋە ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشى ئۈچۈن ياخشى مۇھىت ۋە شارائىت يارىتىش لازىم.

**ئىككىنچى، ياش، ئوتتۇرا ياشلىق رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشىدە ئۆزد- نىڭ تىرىشىشى ئىچكى سەۋەب، پارتىيە تەشكىلىنىڭ تەربىيىلىشى تاشقى سەۋەب، ئىچكى سەۋەب بىلەن تاشقى سەۋەب زىچ بىرلەشتۈرۈلۈشى كېرەك.** تەربىيىلەش كادىرلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى جەريانىدا مۇھىم رول ئوينايدۇ. بەزى ياخشى ئىز باسارلارنى ئەگەردە ئۆز ۋاقتىدا بايقىيالمساق ھەمدە پىلانلىق ھالدا تەربىيىلىمسەك، چېنىقتۇرمساق، ئۆزى پەيدا بولۇپ، ئۆزى يوقىلىشى مۇمكىن. يەنىمۇ ئۆسۈپ يېتىلىشكە كۆز يەتكەن ئىز باسارلارنى چوقۇم كۆڭۈل قويۇپ تەربىيىلەش كېرەك. تەربىيىلەيمىز دەپ ھەددىدىن زىيادە ئاسراشقا بولمايدۇ، مايسىنى تارتىپ ئۆستۈرۈشتەك يولنى تۇتۇشقىمۇ بولمايدۇ، بەلكى ياش كادىرلارنىڭ خىزمەت ئەمەلىيىتىدە جاپالىق چېنىقىپ، ئىقتىدار ۋە جاسارىتىنى ئاشۇرۇشىغا ھەققىي شارائىت يارىتىش كېرەك. تەربىيىلەشنىڭ ئۇسۇلى كۆپ خىل. نەزەرىيە جەھەتتىن تەربىيىلىنىش ۋە ئۆگىنىشكە ئۇيۇشتۇرۇش تەربىيىلەش ھېسابلىنىدۇ، ئاساسىي قاتلامدا چېنىقتۇرۇش تەربىيىلەش ھېسابلىنىدۇ، ئىشلىتىشمۇ تەربىيىلەش ھېسابلىنىدۇ، بەلكى تېخىمۇ مۇھىم تەربىيىلەش ھېسابلىنىدۇ. بىر رەھبىرىي كادىرنىڭ ئىدىيىۋى سەۋىيىسى، خىزمەت ئىقتىدارى ۋە رەھبەرلىك قابىلىيىتى رەھبەرلىك خىزمىتى ئىشلەش داۋامىدا شەكىللىنىدۇ. بەلگىلىك رەھبەرلىك ئورنىدىن ئىبارەت بۇ سەھنە بولمىغاندا، رەھبەرلىك قابىلىيىتىنى ئۆستۈرۈش مۇمكىن ئەمەس، كادىرلارنى ھەققىي سىناش ۋە چۈشىنىشمۇ قىيىن. ئاساسىي ساپانى ھازىرلىغان ياش، ئوتتۇرا ياشلىق كادىرلارنى دادىللىق بىلەن مۇناسىپ كېلىدىغان رەھبەرلىك ئورنىغا قويۇش لازىم. ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ياش كادىرلارنى بەزى ھالقىلىق ئورۇنلارغا، جاپالىق مۇھىت ئىچكە ۋە ئەھۋال مۇرەككەپ، زىددىيەت گەۋدىلىك، قىيىنچىلىق بىرقەدەر كۆپ بولغان جايلارغا قويۇپ چېنىقتۇرۇش ۋە تەربىيىلەش ئۇلارنىڭ ئۆسۈشكە ۋە پىشىپ يېتىلىشكە تازا پايدىلىق. مۇشۇ جايلاردا ۋە ئورۇنلاردا ئەمەلىي نەتىجە ياراتقانلارنى داۋاملىق ئۆستۈرۈپ ئىشلىتىش كېرەك. قىيىنچىلىقى بار جايلارغا بېرىشنى خالىمىغان ياكى بارغان بىلەن نەتىجە يارىتالمىغانلار مۇنەۋۋەر كادىر ھېسابلانمايدۇ، بۇنداقلارنى ئۆستۈرۈپ مۇھىم ئىشقا قويۇشقا بولمايدۇ. رەھبىرىي كادىرلار چوقۇم سىناقتىن ئۆتۈشى كېرەك. جاپا تارتىپ باقمىغان، چېنىقىشنى باشتىن كەچۈرمىگەن ياش كادىرلار پارنىكتىكى گۈلگە ئايلىنىپ قېلىپ، ھېچقانداق بوران-چاپقۇن- نىڭ سىنىقىدىن ئۆتەلمەسلىكى مۇمكىن. رەھبەرلىك تەجرىبىسىنى توپلاش نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئىشلىتىش تەربىيىلەشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلى، كادىرلارنىڭ سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش، كادىرلارنى چۈشە- نىشنىڭ ئەڭ ياخشى چارىسى ھېسابلىنىدۇ.

**ئۈچىنچى، بىزنىڭ شۇغۇللىنىۋاتقان ئىشلىرىمىز مىسلىسىز كەڭ بولۇپ، كۆپ تەرەپلىك ئىختىساسلىق خادىملارغا مۇھتاج بولىدۇ.** سىياسەت، ئىقتىساد، مەدەنىيەت، پەن-تېخنىكا، مائارىپ، ھەربىي ئىشلار، دىپلوماتىيە قاتارلىق ھەرقايسى ساھەلەردىكى خىزمەتلەر زور تۈركۈمدىكى يۇقىرى ساپالىق ياش، ئوتتۇرا ياشلىق رەھبىرىي كادىرلارغا مۇھتاج بولىدۇ. مەيلى قانداق خىزمەت بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان كادىر بولسۇن، سىياسىي جەھەتتە لاياقەتلىك بولۇشى شەرت. مۇشۇ شەرت ئاستىدا، يەنە شۇغۇللىنىۋاتقان

خىزمەتكە ئۇستا بولۇشى شەرت. مەسىلەن ئېيتايلۇق، يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئاساس بولۇش ئورنىنى كۈچەيتىپ، يېزا ئىگىلىكىنى پەن-تېخنىكا ئارقىلىق گۈللەندۈرۈشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، دېھقانلار ئاممىسىنى بېيىپ ھاللىق سەۋىيىگە قاراپ ئىلگىرىلەشكە يېتەكلەش ئۈچۈن، يېڭى دەۋردە يېزا، يېزا ئىگىلىكى، دېھقانلار خىزمىتىنى ئىشلەشكە ماھىر بولغان ئىختىساسلىق خادىملارغا موھتاج بولىدۇ؛ ئىككى تۈپ خاراكتېرلىك ئۆزگەرتىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلمىنىڭ ئىستراتېگىيىلىك تەڭشىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، دۆلەت كارخانىلىرىنى ياخشىلاش ئۈچۈن، ماكرو ئىگىلىكنى، كارخانا خىزمىتىنى پىششىق بىلىدىغان، بازارنى ئىگىلەشكە ماھىر بولغان ئىختىساسلىق خادىملارغا موھتاج بولىدۇ؛ ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنى ئېلىپ بېرىپ، دۇنيا سودا تەشكىلاتىغا كىرىپ، ”چەتتىن كىرگۈزۈش“ بىلەن ”چەتكە چىقىرىش“نى ئورگانىك ھالدا بىرلەشتۈرۈش ئۈچۈن، خەلقئارا ئىقتىسادنى بىلىدىغان، خەلقئارا ئىقتىسادىي قانۇننى چۈشىنىدىغان، تاشقى بازار ئەھۋالىنى پىششىق بىلىدىغان ئىختىساسلىق خادىملارغا موھتاج بولىدۇ؛ دىپلوماتىيە خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇپ، دۆلىتىمىزنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىنى، مەنپەئەتىنى ۋە بىخەتەرلىكىنى قوغداش ئۈچۈن، پارتىيىنىڭ دىپلوماتىيە فاڭجېن-سىياسەتلىرىدە چىڭ تۇرالايدىغان، خەلقئارا ئالاقە ۋە كۆرەشلەرنى قانات يايدۇرۇشقا ماھىر بولغان ئىختىساسلىق خادىملارغا موھتاج بولىدۇ؛ ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداپ، ”تەيۋەن مۇستەقىللىقى“غا قارشى تۇرۇپ، تەيۋەن خەلقىگە بولغان خىزمەتنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، تەيۋەننىڭ ئەھۋالىنى بىلىدىغان، تەيۋەن خەلقىنىڭ ئەھۋالى بىلەن تونۇش بولغان يەنە كېلىپ تەيۋەنگە بولغان خىزمەتنى قانات يايدۇرۇشقا ماھىر بولغان ئىختىساسلىق خادىملارغا موھتاج بولىدۇ؛ دۇنيادىكى يېڭى ھەربىي ئىشلار ئىنقىلابىنىڭ سىنىقىنى كۆتۈپ، ئارمىيىنىڭ ئىنقىلابىيلىشىش، زامانىۋىلىشىش، مۇنتىزىملىشىش قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن، سىياسىي-ئىدىيىۋى ساپاسى جەھەتتە قاتتىق تەلەپلەرنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدىغان، زامانىۋى ھەربىي ئىشلارنى بىلىدىغان ئىختىساسلىق خادىملارغا موھتاج بولىدۇ، ۋەھاكازا. قىسقىسى، پارتىيە بىلەن خەلقنىڭ ئىشلىرى كۆپ تەرەپلىك، ھەممە ساھەگە چېتىشلىق ئىختىساسلىق خادىملارغا موھتاج. ئوخشىمايدىغان ساھەلەردىكى ئىختىساسلىق خادىملارغا قويۇلىدىغان تەلەپ ۋە ئۇلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش قانۇنىيىتىمۇ ئوخشىمايدۇ. مۇنەۋۋەر ياش، ئوتتۇرا ياشلىق رەھبىرىي كادىرلارنى تەربىيىلەش، تاللاپ ئۆستۈرۈش خىزمىتىنى ئوخشىمايدىغان تارماق، ئوخشىمايدىغان خىزمەتنىڭ ئالاھىدىلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ ئېلىپ بېرىش كېرەك. ھەرقايسى جەھەتلەردىكى ئىختىساسلىق خادىملار رىقابەتلىشىدىغان، ھەركىم ئۆز قابىلىيىتىنى كۆرسىتىدىغان ھالەتنى شەكىللەندۈرۈش كېرەك. ياش، ئوتتۇرا ياشلىق مۇنەۋۋەر رەھبىرىي كادىرلار تۈركۈم-تۈركۈملەپ ساغلام يېتىلىپ، قابىلىيىتى تولۇق جارى قىلدۇرۇلغاندا، ئاندىن ئىشلىرىمىزدا داۋاملىق مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىمىز ئىشەنچلىك بولىدۇ.

يۇقىرىدا ئېيتىپ ئۆتكەن ئۈچ نۇقتىنى ئۈچ جۈملە سۆز بىلەن يىغىنچاقلاش مۇمكىن، ئۇ بولسىمۇ، ياش، ئوتتۇرا ياشلىق رەھبىرىي كادىرلارنى تەربىيىلەشتە، بىرىنچىدىن بىر خىل ئۆلچەم بىلەنلا چەكلىنىپ قالماسلىق كېرەك، ئىككىنچىدىن چېنىقتۇرۇشنى كۈچەيتىش كېرەك، ئۈچىنچىدىن ئىختىساسلىق خادىملارنى كەينى-كەينىدىن يېتىشتۈرۈپ چىقىش كېرەك.

پارتىيە مەكتەپلىرى ۋە تۈرلۈك تىپتىكى كادىرلار مەكتەپلىرى ئارقىلىق كادىرلارنى تەربىيىلەش— كادىرلارنى تەربىيىلەش ۋە ئۇلارنىڭ سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشنىڭ مۇھىم يولى. پارتىيىمىز قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىللەردىلا سۇن جۇڭشەنگە خۇاڭپۇ ھەربىي مەكتىپى قۇرۇش ھەققىدە تەكلىپ بەرگەن ۋە ياردەم بەرگەن ھەمدە گومىنداڭ بىلەن كومپارتىيە ھەمكارلىشىپ دېھقانلار ھەرىكىتى كۇرسى ئېچىپ، ئەينى ۋاقىتتىكى مىللىي ئىنقىلاب ئۈچۈن كادىر تەربىيىلەشنى تەكلىپ قىلغانىدى. كېيىن پارتىيىمىز يەنە قىزىل ئارمىيە ئۇنىۋېرسىتېتى، ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ھەربىي-سىياسىي ئۇنىۋېرسىتېت قاتارلىقلارنى ئاچقان، بۇ ئەنئەنە تا بۈگۈنگە قەدەر پارتىيە مەكتىپى شەكلىدە داۋاملىشىپ كەلمەكتە. پارتىيىمىز مۇشۇ مەكتەپلەر ئارقىلىق كۆپ مىقداردا پارتىيىنى باشقۇرىدىغان، دۆلەتنى باشقۇرىدىغان، ئارمىيىنى باشقۇرىدىغان ئىختىساس-لىق خادىملارنى تەربىيىلەپ چىقتى. 1943-يىل 8-ئاينىڭ 8-كۈنى يولداش ماۋ زېدۇڭ مەركىزىي پارتىيە مەكتىپى ئىككىنچى بۆلۈمىنىڭ ئوقۇش باشلاش مۇراسىمىدا مۇنداق دەپ ئوتتۇرىغا قويىدى: "بىزنىڭ پارتىيە مەكتىپى قۇرۇشتىكى مەقسىتىمىز يولداشلىرىمىزنىڭ سىياسىي سەۋىيىسىنى ۋە نەزەرىيىۋى سەۋىيىسىنى بىر بالداق ئۆستۈرۈش، پارتىيىمىزنى يەنىمۇ بىرلىككە كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت." بۇ قېتىم مەركەز 21-ئەسىرگە يۈزلىنىپ پارتىيە مەكتەپلىرى خىزمىتىنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش توغرىسىدا قارار چىقىرىپ، پارتىيە مەكتىپى مائارىپىنىڭ پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرىي كادىرلىرىنى نۆۋەت بىلەن تەربىيىلەشنىڭ ئاساسلىق يولى ئىكەنلىكىنى، پارتىيە مەكتەپلىرىنىڭ ئوقۇتۇش ئىسلاھاتىنى چوڭقۇر-لاشتۇرۇپ، رەھبەرىي كادىرلارنىڭ ساپاسىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئۆستۈرۈش لازىملىقىنى ۋە باشقىلارنى ئايدىڭلاش-تۇردى. ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار بۇ «قارار»نى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، پارتىيە مەكتەپلىرى خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، پارتىيە مەكتەپلىرىنىڭ ياش، ئوتتۇرا ياشلىق رەھبەرىي كادىرلار-نى تەربىيىلەشتىكى رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشى كېرەك.

مەن ھەر دەرىجىلىك پارتكوملاردىكى ئاساسلىق مەسئۇل يولداشلارنىڭ پارتىيە مەكتەپلىرىگە بېرىپ دەرس سۆزلەپ تۇرۇشنى، سۆھبەت يىغىنى چاقىرىپ تۇرۇشنى، بەزى مۇھىم مەسىلىلەر ئۈستىدىكى مۇھاكىمىگە قاتنىشىپ تۇرۇشنى تەكلىپ قىلىمەن. مەن مەركەزدە خىزمەت قىلغاندىن بۇيان مەركىزىي پارتىيە مەكتىپىگە كۆپ قېتىم بېرىپ يىغىنغا قاتنىشىپ دوكلات بەردىم. مەركەز مەركىزىي پارتىيە مەكتىپىدە كۆپ قېتىم ئۆلكە، مىنىستىر دەرىجىلىك ئاساسلىق رەھبەرىي يولداشلار قاتناشقان مۇھاكىمە كۇرسى ئاچتى، مەن بۇ كۇرسلاردىكىلەر بىلەن سۆھبەتلەشتىم ۋە پىكىر بايان قىلدىم. بۇ، يولداشلار بىلەن ئۇچۇر ئالماشتۇرۇش، ئىدىيىنى بىرلىككە كەلتۈرۈشكىلا پايدىلىق بولۇپ قالماستىن، ئۆزەمگە نىسبەتەنمۇ بىر خىل ئۆگىنىش ۋە بىلىم ئاشۇرۇش پۇرسىتى بولدى.ھەر دەرىجىلىك پارتكوملاردىكى ئاساسلىق مەسئۇل يولداشلار-نىڭ كۆپچىلىككە دەرس سۆزلەپ بېرىشى، ئۆزىنىڭ تەجرىبىسى، تەسەۋۋۇرى ۋە ئويلاۋاتقان مەسىلە ئۈستىدە يولداشلار بىلەن پىكىر ئالماشتۇرۇشى ياش كادىرلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە پايدىلىق. ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار پارتىيە مەكتەپلىرىنىڭ بەزى ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشىغا ياردەم بېرىشى، پارتىيە مەكتەپلىرىنىڭ ئوقۇتقۇچىلار ۋە كادىرلار قوشۇنىنىڭ ئىدىيىۋى، سىياسىي، كەسپىي قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش

ئۇچۇن، ئوقۇتۇش ۋاستىسى ۋە ئاساسىي مۇئەسسەسىنى زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن پائال شارائىت يارىتىپ بېرىشى لازىم. ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار مەكتەپنى قاتتىق باشقۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، ئوقۇتۇش ئىشلىرىنى ۋە ئوقۇغۇچىلارنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىشى، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ سۈپىتىنى ۋە ئوقۇتۇش سۈپىتىنى داۋاملىق ئۆستۈرۈشى كېرەك.

نۇرغۇن يولداشلار پارتىيە مەكتەپلىرىدە خىزمەتتىن ئايرىلىپ تۇرۇپ بىر مەزگىل ئۆگىنىشنىڭ ئىنتايىن زۆرۈرلۈكىنى، ئۆگىنىشتىن خېلى ئۇنۇم كۆرىدىغانلىقىنى ئىنكاس قىلىشتى، ئەمما ئۆگىنىش ۋاقتىنى ئورۇنلاشتۇرۇش جەھەتتە، ئۆگىنىش بىلەن خىزمەت ئوتتۇرىسىدا زىددىيەتنىڭ بولۇشى تەبىئىي. بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىشتا يەنىلا ھەر دەرىجىلىك پارتكوملارغا تايىنىش كېرەك. بىز مۇھىم بىر تارىخىي دەۋردە تۇرۇۋاتىمىز، ئىسلاھات ۋە قۇرۇلۇش ۋەزىپىسى مۇرەككەپ، ئۆگىنىمىزگەندە دەۋر تەرەققىيات ئېقىمىنىڭ ئارقىدا قالىمىز، خەلق ئاممىسىنىڭمۇ ئارقىدا قالىمىز. پارتىيە خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن، ھەر بىر رەھبىرىي كادىر داۋاملىق ئۆگىنىشى كېرەك. ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار پارتىيە ئىشلىرى ئومۇمىيىتىنى كۆزدە تۇتۇپ كادىرلارنىڭ ئۆگىنىش مەسىلىسىنى ئويلىشى، خىزمەت بىلەن ئوقۇشنىڭ ۋاقتىنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇپ، ياش، ئوتتۇرا ياشلىق رەھبىرىي كادىرلارنىڭ پارتىيە مەكتەپلىرىگە بېرىپ خىزمەتتىن ئايرىلىپ تۇرۇپ نۆۋەت بىلەن تەربىيىلىنىشىگە كاپالەتلىك قىلىشى لازىم. كادىرلارنىڭ پارتىيە مەكتەپلىرىدىكى ئۆگىنىش ئەھۋالىنى كادىرلارنى ئىشلىتىش ۋە تاللاپ ئۆستۈرۈشنىڭ مۇھىم ئاساسى قىلىشى، كادىرلارنى نۆۋەت بىلەن تەربىيەلەشنى كادىرلارنى ئىشلىتىش بىلەن بىرلەشتۈرۈشى كېرەك. بۇ خىزمەتنى قەتئىي داۋاملاشتۇرغاندا، ئۇنىڭ جەزمەن پايدىسى بار.

مەن ھەر دەرىجىلىك پارتىيە مەكتەپلىرىنىڭ پارتىيە ئىشلىرى ئۈچۈن داۋاملىق يېڭى تۆھپە قوشۇشىنى چىن قەلبىمدىن ئۈمىد قىلىمەن.

# ”ئۆچكە ۋەكىللىك قىلىش“ توغرىسىدا

دەي جۇ

يولداش جياڭ زېمىننىڭ ”ئۆچكە ۋەكىللىك قىلىش“ توغرىسىدىكى ئىلمىي ھۆكۈمى ماركسىزم نەزەرىيىسىگە ياتىدىغان مول مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، روشەن دەۋر ئالاھىدىلىكىگە ۋە ئىنتايىن كۈچلۈك قاراتمىلىققا، يېتەكچىلىك خاراكتېرىگە ئىگە. بىز ”ئۆچكە ۋەكىللىك قىلىش“ توغرىسىدىكى ئىلمىي ھۆكۈمنى تېخىمۇ چوڭقۇر ھالدا ئۆگىنىپ ۋە تەتقىق قىلىپ، ئۇنىڭ چوڭقۇر مەزمۇننى ئىگىلىشىمىز ھەمدە ئۇنى ئۇلۇغ ئەمەلىيەتكە تەتبىقلىشىمىز كېرەك. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى دۇنياغا كەلگەنلىكىنىڭ 79 يىللىقىنى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن يازغان بۇ ماقالەمدە ”ئۆچكە ۋەكىللىك قىلىش“نىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشىدىكى دەۋر ئارقا كۆرۈنۈشى، نەزەرىيە جەھەتتىكى يېڭىلىق شۇنىڭدەك ”ئۆچكە ۋەكىللىك قىلىش“ تەلىپىنى قانداق قىلىپ ئىشقا ئاشۇرۇش قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە ئۆگىنىشتىن ھاسىل قىلغان چۈشەنچە ۋە تەسىراتلىرىمنى سۆزلەپ ئۆتمەكچىمەن.

## دەۋرنىڭ تەلىپى

ئىنقىلاب قىلىدىكەنمىز، ئىنقىلابقا رەھبەرلىك قىلىشقا ماھىر بولغان بىر پارتىيە بولۇشى كېرەك؛ قۇرۇلۇش ئېلىپ بارىدىكەنمىز، باشتىن-ئاخىر دەۋرنىڭ ئالدىدا ماڭىدىغان، ئىلغارلىقنى مەڭگۈ ساقلاپ قالىدىغان بىر پارتىيە بولۇشى كېرەك. بۇ يېرىم ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان جۇڭگونىڭ ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇش ئىشلىرى تولۇق ئىسپاتلىغان بىر ھەقىقەت. ھالبۇكى، پارتىيىنىڭ ئىلغارلىقى ھامان دەۋرنىڭ ئالغا ئىلگىرىلەش قەدىمى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. ئىشچىلار سىنىپىنىڭ پارتىيىسى ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئاۋانگارت ئەترىتى، بۇ ماركسىزمنىڭ پارتىيە قۇرۇش تەلىماتىنىڭ يادروسى، شۇنداقلا ئىشچىلار سىنىپى پارتىيىسى قۇرۇلۇشىنىڭ تۈپ پرىنسىپى. ئەمما ھەرقايسى تارىخىي تەرەققىيات باسقۇچىنىڭ كونكرېت ۋەزىپىسى ئوخشىمىغانلىقتىن، پارتىيە قۇرۇلۇشى ھەم ئىلغارلىقنىڭ ئومۇمىي تەلىپىنى نامايان قىلىشى، ھەم ئىلغارلىقنىڭ دەۋر تەلىپىنى نامايان قىلىشى لازىم. دەۋرنىڭ قەدىمىگە يېتىشەلمىگەن، دەۋر تەلىپىنىڭ كەينىدە قالغان بىر پارتىيىنى ئاۋانگارت ئەترەتلىك خاراكتېرگە ئىگە ۋە ئىلغارلىقنى ساقلاپ قالغان پارتىيە دېگىلى بولمايدۇ. ئۇنداقتا ئەسىر ئالمىشىۋاتقان ھالقىلىق پەيتتە، قانداق قىلىپ پارتىيىمىزنى باشتىن-ئاخىر ئىلغارلىقنى ساقلاپ قالىدىغان، باشتىن-ئاخىر تولۇپ-تاشقان ھاياتىي كۈچىنى ئۇرغۇتۇپ چىقىدىغان، باشتىن-ئاخىر دەۋرنىڭ ئالدىدا ماڭىدىغان، سىناق ۋە قىيىنچىلىق ئالدىدا جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشلىرىغا كۈچلۈك

ھالدا رەھبەرلىك قىلىپ ئۆزلۈكسىز يېڭى غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈرىدىغان، مۇرەككەپ خەلقئارا مۇھىتتا باشتىن-ئاخىر يېڭىلمەس ئورۇندا تۇرىدىغان قىلىش ئىنتايىن مۇھىم بىر مەسىلە بولۇپ قالدى. يولداش جياڭ زېمىننىڭ ”ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش“ توغرىسىدىكى ھۆكۈمىدە بۇ مەسىلىگە ئەتراپلىق، چوڭقۇر ھالدا جاۋاب بېرىلدى.

بۈگۈنكى دۇنيادا زور ھەم چوڭقۇر ئۆزگىرىش داۋاملىق يۈز بەرمەكتە. سىياسىي جەھەتتە، تىنچلىق بىلەن تەرەققىيات يەنىلا بۈگۈنكى دۇنيانىڭ تېمىسى بولۇپ تۇرماقتا، بىراق جاھان يەنىلا تىنچلىنىشتىن ناھايىتى يىراقتا تۇرماقتا، سوغۇق مۇناسىۋەت ئۇرۇشى ئاياغلاشقاندىن كېيىن، زومىگەرلىك، زوراۋانلىق سىياسىتى بارغانسېرى ئەۋج ئېلىپ كەتمەكتە، زومىگەرلىك قىلىش بىلەن زومىگەرلىككە قارشى تۇرۇش ئوتتۇرىسىدىكى، بەككە قۇتۇپلىشىش بىلەن كۆپ قۇتۇپلىشىش ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش ئىنتايىن كەسكىن بولماقتا، دۇنيانىڭ كۆپ قۇتۇپلىشىشى خېلى ئۇزاق بىر تەرەققىيات جەريانىنى بېسىپ ئۆتىدۇ، خەلقئارا ۋەزىيەت ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ، تۈرلۈك سىياسىي مۇسابىقە ئۈزۈلمەي بولۇپ تۇرىدۇ. ئىقتىسادىي جەھەتتە، ئىقتىسادنىڭ دۇنياۋىلىشىش قەدىمىنىڭ تېزلىشىشىگە ئەگىشىپ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى كۈنسېرى يېڭى سەۋىيىگە كۆتۈرۈلمەكتە، ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچى رىقابىتى كۈنسېرى كەسكىنلەشمەكتە، تارىختىي سەۋەب، رېئال سەۋەب قاتارلىق كۆپ خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، جۇڭگونى ئۆز ئىچىگە ئالغان كەڭ تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ ئومۇمىي جەھەتتە ئەمەلىي كۈچى بىرقەدەر ئاجىز، ئىقتىسادنىڭ دۇنياۋىلىشىش جەريانىدا پايدىسىز ئورۇندا تۇرىدۇ، ئىقتىسادىي تەرەققىياتتا كەسكىن مۇسابىقىگە دۇچ كەلمەكتە. مەدەنىيەت جەھەتتە، ئۇچۇر ئىلمى بىلەن ھاياتلىق ئىلمىنى يادرو قىلىدىغان زامانىۋى پەن-تېخنىكا ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىپ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ۋە جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن يېڭى كەڭ زېمىن ئېچىپ بەرمەكتە. بىراق غەربتىكى تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەرنىڭ پەن-تېخنىكا جەھەتتىكى ئەمەلىي كۈچى روشەن ھالدا ئۈستۈنلۈكتە تۇرغاچقا، تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەر تېخنىكىدا باسقۇچتىن ھالقىش پۈرسىتىگە يۈزلىنىش بىلەن بىرگە غايەت زور بېسىمغىمۇ يۈزلەنمەكتە. دۇنيادىكى ھەرقايسى ئەللەرنىڭ ئېسىل مەدەنىيەت نەتىجىلىرى ئۈزلۈكسىز تارقالماقتا، تۈرلۈك ئىدىيە، مەدەنىيەتلەر ئۆزئارا تەسىر كۆرسەتمەكتە، ئوخشاش بولمىغان ئىدېئولوگىيىلەر ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش ئۇزاق مۇددەت مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، بەزىدە خېلىلا مۇرەككەپ ۋە ئۆتكۈر بولىدۇ. غەربتىكى دۈشمەن كۈچلەر سوتسىيالىستىك جۇڭگونىڭ تەرەققىي قىلىپ زورىيىشىنى خالىمايدۇ، ئۇلار دۆلىتىمىزنى ”غەربچىلەشتۈرۈش“، ”پارچىلاش“تىن ئىبارەت سىياسىي سۇيىقەستىدىن بىر مىنۇتمۇ ۋاز كەچكىنى يوق، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىنى ۋە سوتسىيالىستىك تۈزۈمنى تۈرلۈك چارىلەر بىلەن ئاغدۇرماقچى بولۇۋاتىدۇ. سىڭدۈرمىچىلىك بىلەن سىڭدۈرمىچىلىككە قارشى تۇرۇش، ئاغدۇرمىچىلىق بىلەن ئاغدۇرمىچىلىققا قارشى تۇرۇش جەھەتتە بىزنىڭ غەربتىكى دۈشمەن كۈچلەر بىلەن بولغان كۈرىشىمىز ئۇزاق مۇددەتلىك، مۇرەككەپ بولىدۇ، بۇنىڭغا قارىتا سەگەك تونۇشتا بولۇشىمىز ۋە تەييارلىق كۆرۈپ قويۇشىمىز كېرەك.

ئىنسانلار جەمئىيىتى يېڭى ئەسىرگە قەدەم تاشلاۋاتقان ۋاقىتتا، دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋى-

لاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى يېڭى بىر تەرەققىيات مەزگىلىگە كىردى. پۈتۈن پارتىيە جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشلىرىنى 21-ئەسىرنى نىشانلاپ ئومۇميۈزلۈك ئالغا سىلجىتىشتىن ئىبارەت مۇشكۈل ۋەزىپىگە دۇچ كەلمەكتە. پارتىيە 15-قۇرۇلتىيىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، ئىشلىرىمىزنى 21-ئەسىرنى نىشانلاپ ئومۇميۈزلۈك ئالغا سىلجىتىشتا، پۈرسەتنى قولدىن بېرىپ قويماي ئۇنى چىڭ تۇتۇشىمىز، كونىلىقتا ئېسىلىشۋالماي يول ئېچىپ ئىلگىرىلىشىمىز، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتىن ئىبارەت بۇ مەركەزنى چۆرىدەپ، ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىدا يېڭى بۆسۈش ھاسىل قىلىشىمىز، سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى داۋاملىق چوڭقۇرلاشتۇرۇشىمىز، مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنى ھەقىقىي كۈچەيتىشىمىز، ھەرقايسى تەرەپلەرنى ئۆزئارا ماسلاشتۇرۇپ، ئىقتىسادىي تەرەققىيات ۋە جەمئىيەتنىڭ ئومۇميۈزلۈك يۈكسىلىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشى-مىز لازىم. بۇ ئۇلۇغ تارىخىي خاراكتېرلىك نىشاننى ئىشقا ئاشۇرۇشتا ۋەزىپىمىز ئېغىر، يولىمىز يىراق، تۈرلۈك قىيىنچىلىق ۋە خېيىم-خەتەرلەر پارتىيىمىزنىڭ رەھبەرلىك سەۋىيىسى ۋە ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش سەۋىيىسىنى يېڭى سىناقلارغا دۇچار قىلىدۇ. ئىسلاھاتنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ۋە سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنىڭ بەرپا قىلىنىشىغا ئەگىشىپ، مەملىكىتىمىزنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدا كەڭ ھەم چوڭقۇر ئۆزگىرىشلەر يۈز بەردى، ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي تەركىب، تەشكىلىي شەكىل، مەنپەئەت تەقسىماتى ۋە ئىشقا ئورۇنلىشىش ئۇسۇلى كۆپ خىللىشىش ئەھۋالى كېلىپ چىقتى، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى زور دەرىجىدە ئازاد بولۇش، زور دەرىجىدە تەرەققىي قىلىش، ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچى داۋاملىق كۈچىيىش بىلەن بىللە، ئىسلاھاتىمىز ۋە تەرەققىياتىمىزمۇ يېڭى زىددىيەت، يېڭى مەسىلىلەرگە دۇچ كەلدى، مەسىلەن، ”بىر قول قاتتىق، بىر قول يۇمشاق بولۇش“ مەسىلىسى، بىر قىسىم ئىش ئورنىدىن قالغان ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش مەسىلىسى، نامراتلار بىلەن بايلار ئوتتۇرىسىدىكى پەرق مەسىلىسى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش-لار. بىز پارلاق داغدام يولدا مېڭىۋاتىمىز، ئەمما ئالغا ئىلگىرىلەش يولىدا يەنە مۆلچەرلەشكە بولىدىغان ۋە مۆلچەرلەش قىيىن بولغان، دۆلەت ئىچىدىن ۋە دۆلەت سىرتىدىن كېلىدىغان، ئىقتىسادىي تۇرمۇش ئىچىدىكى ۋە ئىجتىمائىي سىياسىي تۇرمۇش ئىچىدىكى تۈرلۈك قىيىنچىلىق ۋە خېيىم-خەتەرلەرگە يولۇقىمىز.

مۇشۇنداق ياخشى پۈرسەت ۋە قاتتىق سىناققا تولغان خەلقئارا ۋە ئىچكى شارائىت پارتىيىمىزنىڭ ئالدىغا بىر قاتار زور ھەم جىددىي دەۋر تېمىسى قويدى: يېڭى ئەسىر ئالدىدا دۆلىتىمىزدەك شەرقتىكى چوڭ دۆلەتتە قانداق قىلغاندا پۈرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، مۇسابىقىنى كۈتۈۋېلىپ، دەۋر ئېقىمىغا يېتىشىۋېلىپ، كەسكىن خەلقئارا رىقابەتتە باشتىن-ئاخىر يېڭىلمەس ئورۇندا تۇرالايدۇ؟ ئالغا ئىلگىرىلەش يولىدا كېلىپ چىقىش ئېھتىمالى بولغان تۈرلۈك قىيىنچىلىق ۋە خېيىم-خەتەرلەر ئالدىدا، قانداق قىلغاندا كۈچلۈك ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچى (جۇملىدىن ئىقتىسادىي كۈچ، پەن-تېخنىكا كۈچى، دۆلەت مۇداپىئە كۈچى، مىللەتلەرنىڭ ئۇيۇشۇش كۈچى قاتارلىقلار)غا تايىنىپ، چىڭ پۇت تىرەپ تۇرالايدۇ ۋە تەرەققىياتقا ئېرىشەلەيدۇ. خەلقئارا سوتسىيالىزم پەسىيىش ھالىتىدە تۇرۇۋاتقان جىددىي رىئاللىق ئالدىدا، پارتىيىمىز قانداق قىلغاندا ئۇنىڭدىن تەجرىبە-ساۋاقلارنى قوبۇل قىلىپ، سوتسىيالىزمنىڭ ھاياتىي كۈچىنى، جەلپ قىلىش كۈچىنى ساقلىيالايدۇ ۋە كۈچەيتەلەيدۇ؟ دۇنيادىكى تۈرلۈك ئىدىيە، مەدەنىيەتلەر ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىۋالغان ئەھۋال

www.uyghurkitap.com

ئالدىدا، پارتىيىمىز قانداق قىلغاندا ماركسىزمنى يېتەكچى ئورۇنغا قويۇشتا مەھكەم تۇرالايدۇ؟ غەرب ئەكسىيەتچىل كۈچلىرى ۋە دۈشمەن كۈچلەرنىڭ بىزگە قاراتقان «غەربچىلەشتۈرۈش»، «پارچىلاش» سىياسىي سۇيىقەستى ئالدىدا، پارتىيىمىز قانداق قىلغاندا دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى بىلەن پۈتۈن پارتىينى قوراللاندۇرۇش، كادىرلار ۋە خەلقنى تەربىيىلەشتە چىڭ تۇرۇپ، كەڭ پارتىيە ئەزالىرىنىڭ، كادىرلارنىڭ چىرىتىشنى توسۇپ ئايىنىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە خېيىم-خەتەرگە تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارىنى داۋاملىق كۈچەيتەلەيدۇ؟ بۇ مەسىلىلەرنىڭ ھەل قىلىنىشى پارتىيىمىزنىڭ ئۆزىگە باغلىق، يېڭى ئەسىردە پارتىيىمىزنى قانداق بىر پارتىيە قىلىپ قۇرۇپ چىقىشقا ۋە پارتىينى قانداق قۇرۇشقا باغلىق. يولداش جياڭ زېمىن ماركسىزمچى سىياسەتچى ۋە ئىستراتېگىيىچىگە خاس كۆزىتىش ئىقتىدارى بىلەن ئىچكى-تاشقى مۇرەككەپ ۋەزىيەت تەرەققىياتىنىڭ ماھىيىتى ۋە قانۇنىيىتىنى كۆزىتىپ ۋە ئىگىلەپ، ئەسىر ئالمىشىۋاتقان تارىخىي يۇكسەكلىكتە تۇرۇپ، دىئالېكتىك ماتېرىيالىزملىق ۋە تارىخىي ماتېرىيالىزملىق دۇنياقاراش ۋە مېتودولوگىيىنى توغرا تەتبىقلاپ، دۆلەتنىڭ ئىستىقبالى ۋە تەقدىرىنى كۆزدە تۇتقان ھالدا «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» توغرىسىدىكى ئىلمىي ھۆكۈمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، بۇ چوڭ مەسىلىگە ئەتراپلىق، چوڭقۇر ھالدا جاۋاب بەردى. «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» توغرىسىدىكى ئىلمىي ھۆكۈم—«كوممۇنىستىك پارتىيە خىتابنامىسى» ئېلان قىلىنغاندىن بۇيانقى 150 نەچچە يىل ئىچىدىكى خەلقئارا سوتسىيالىزم ھەرىكىتىنىڭ تارىخىي تەجرىبىلىرى ئۈستىدە چوڭقۇر مۇلاھىزە يۈرگۈزۈش، پارتىيىمىزنىڭ ئاز كەم 80 يىللىق تارىخىي تەجرىبىلىرىنى چوڭقۇر يەكۈنلەش ئاساسىدا چىقىرىلغان ئىلمىي يەكۈن؛ يېڭى تارىخىي شارائىتتا پارتىيىمىزنىڭ خاراكتېرى، مەقسىتى ۋە ۋەزىپىسى ئۈستىدىن چىقىرىلغان يېڭى خۇلاسە، يېڭى دەۋردە پارتىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشتىكى تۈپ يېتەكچى ئىدىيە، ماركسىزمنىڭ پارتىيە قۇرۇش تەلىماتىنى ئىجادىي يوسۇندا تەتبىقلىغانلىق ۋە راۋاجلاندۇرغانلىق، بۇ ھۆكۈم پارتىيىمىزنىڭ يېڭى ئەسىر ئالدىدا يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئۆزىنى مۇستەھكەملىشى، ئۆزىنى كۈچەيتىشى ۋە ئۆز سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشى ئۈچۈن كۈچلۈك ئىدىيىۋى قورال ۋە ھەرىكەت قىبلىنامىسى بىلەن تەمىن ئەتتى. پارتىيىمىز «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» تەلپى بويىچە ئۆز قۇرۇلۇشىنى ھەقىقىي ياخشى ئېلىپ بارسىلا، چوقۇم مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى مۇرەككەپ ۋەزىيەتتە تولۇپ-تاشقان ھاياتىي كۈچىنى باشتىن-ئاخىر ساقلاپ قالالايدۇ، سوتسىيالىزمغا رەھبەرلىك قىلىدىغان كۈچلۈك يادرو بولۇپ، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقنى يېتەكلەپ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئۇلۇغ ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرالايدۇ.

جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ ئاز كەم 80 يىللىق مول تەجرىبىلىرى بىزگە مۇنداق بىر تەۋرەنمەس ھەقىقەتنى ئۇقتۇردى: مەيلى قانداق ۋەزىيەت ۋە مۇسابىقە ئالدىدا بولسۇن، پارتىيە قۇرۇلۇشى باشتىن-ئاخىر پارتىيىمىزنىڭ دۈشمەن ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشتىكى چوڭ ئەڭگۈشتىرىدۇر. ئىلگىرى، جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ دۈشمەننىڭ قىرغىنچىلىقىغا قارىماي كىچىكلىكتىن زورىيىپ، ئاجىزلىقتىن كۈچىيىپ، خەلققە رەھبەرلىك قىلىپ سوتسىيالىستىك يېڭى جۇڭگونى قۇرالىغانلىقى ئەڭ ئاساسلىقى پارتىيىمىز باشتىن-ئاخىر جۇڭگودىكى ئەڭ كەڭ خەلقنىڭ مەنپەئىتىگە ۋەكىللىك قىلغانلىقى ھەم شۇ سەۋەب بىلەن باشتىن-ئاخىر كۈچلۈك

ئۇيۇشۇش كۈچىنى ۋە جەڭگىۋارلىقىنى ساقلاپ قالغانلىقىدىندۇر؛ خەلقئارا ۋەزىيەت ئۆزگىرىپ تۇرغان، تۇرلۇك سىناق ۋە بېسىم ئارقا-ئارقىدىن كېلىپ تۇرغان جىددىي پەيتلەردە، پارتىيىمىزنىڭ پۈتۈن مەملىكەت خەلقىگە رەھبەرلىك قىلىپ سىناق ئۈستىدىن غەلىبە قىلىپ، قىيىنچىلىقنى يېڭىپ، مۇقىملىقنى ساقلاپ، ئىسلاھات ۋە قۇرۇلۇشتا ئۈزلۈكسىز يېڭى ۋەزىيەت يارىتالىغانلىقى، مۇھىمى، پارتىيىمىز ۋەزىيەت ۋە ۋەزىپىنىڭ تەرەققىياتىغا داۋاملىق ماسلىشىپ، پارتىيە ئىچىدە كۆرۈلگەن يېڭى ئەھۋال، يېڭى مەسىلىلەرنى داۋاملىق تەتقىق قىلىپ ۋە ھەل قىلىپ، پارتىيە قۇرۇلۇشىنى داۋاملىق سىلجىتىپ، پارتىيىنىڭ رەھبەرلىك سەۋىيىسىنى ۋە ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرگەنلىكىدىندۇر بۇ پارتىيىمىزنىڭ جۇڭگو ئىنقىلابى ۋە قۇرۇلۇ-شىغا رەھبەرلىك قىلىشتىكى ئىنتايىن مۇھىم بىر تەجرىبىسى. تارىخىي تەجرىبىلەر بىزگە شۇنى ئۇقتۇرىدۇكى، بۈگۈنكى دۇنيادا پۇرسەت بىلەن سىناق تەڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ۋەزىيەت ئالدىدا، ئالغا ئىلگىرىلەش يولىدا بارلىققا كېلىشى مۇمكىن بولغان تۈرلۈك قىيىنچىلىق ۋە خېيىم-خەتەر ئالدىدا، پارتىيىمىز پەقەت ”ئۆچكە ۋەكىللىك قىلىش“ تەلىپى بويىچە پارتىيىنىڭ ئۇيۇشۇش كۈچىنى ۋە جەڭگىۋارلىقىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، پارتىيە ئىچىدە ساقلانغان گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى چىڭ تۇتۇپ ھەل قىلىپ، يېڭى ئەھۋالغا ماسلىشىپ پارتىيىنىڭ رەھبەرلىك سەۋىيىسىنى ۋە ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئىقتىدارىنى داۋاملىق ئۆستۈرگەندى-لا، ئاندىن خەلققە كۈچلۈك رەھبەرلىك قىلىپ، پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، سىناقنى كۆتۈپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشلىرىنى تولۇپ-تاشقان ھاياتىي كۈچكە ئىگە قىلغىلى، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنى دۇنيادىكى مىللەتلەر قاتارىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرغۇزغىلى بولىدۇ.

ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئېلىپ بېرىلغاندىن بۇيان، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ۋە پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، پارتىيىمىزنىڭ قۇرۇلۇشى داۋاملىق يېڭى مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشتى، يېڭى ئەسىرگە قەدەم قويۇۋېتىشتىكى ئېغىر ۋەزىپە ۋە تۈرلۈك توسقۇنلۇق ۋە خېيىم-خەتەرنىڭ سىناقلىرى ئالدىدا، پارتىيىلىك كادىرلار قوشۇنىمىز ئومۇمىي جەھەتتىن يېڭى ۋەزىيەت، يېڭى ۋەزىپىنىڭ تەلىپىگە ماس كېلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، شۇنىمۇ سەگەكلىك بىلەن كۆرۈۋېلىشىمىز كېرەككى، تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، پارتىيە قۇرۇلۇشىنىڭ يېڭى ۋەزىيەت، يېڭى ۋەزىپە بىلەن ماس كەلمەيدىغان تەرەپلىرى خېلىلا كۆپ؛ پارتىيە ئىچىدە ئىدىيە جەھەتتە، تەشكىلىي جەھەتتە، ئىستىل جەھەتتە ساقلىنىۋاتقان پارتىيىنىڭ ئىلغارلىقىغا ۋە خەلقنىڭ مەنپەئىتىگە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان ھەتتا زىت كېلىدىغان مەسىلىلەرمۇ خېلىلا كۆپ؛ پارتىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش جەھەتتە تەتقىق قىلىشىمىز زۆرۈر بولۇۋاتقان يېڭى ئەھۋال، يېڭى مەسىلىلەر خېلىلا ئاز ئەمەس؛ ئىدىيە جەھەتتە، بىر قىسىم پارتىيىلىك كادىرلارنىڭ ئىدىيىۋى-سىياسىي ساپاسى يېڭى ۋەزىيەت، يېڭى ۋەزىپىنىڭ تەلىپىدىن خېلىلا يىراقتا. مۇشۇنداق ئەھۋاللارنى كۆزدە تۇتۇپ، يولداش جياڭ زېمىن مۇنداق دەپ كۆرسەتكەنىدى: بىزنىڭ بەزى يولداشلىرىمىزنىڭ خىزمەت قىلىش قىزغىنلىقى ناھايىتى يۇقىرى، زور نەتىجە يارىتىشنى ئويلايدۇ، بۇ ئىنتايىن ياخشى ئىش. ئەمما نەزەرىيە ئاساسى ئاجىز بولغانلىقتىن، خىزمەتتە كۆپىنچە ئىشنىڭ ئۆزىنىلا نەزەردە تۇتىدۇ، ئەمەلىي مەسىلىلەر ئۈستىدە نەزەرىيە جەھەتتىن پىكىر يۈرگۈزۈشكە ماھىر ئەمەس، سىياسىي جەھەتتىن ۋە ئومۇمىيلىق جەھەتتىن شەيئىلەرنى كۆزىتىشكە ئەھمىيەت

بەرمەيدۇ، چوڭ-چوڭ پرىنسىپاللىق مەسىلىلەردە ھەق-ناھەقنى ئايرىيالمايدۇ، ھەتتا بەزىلىرى خاتا نەرسىلەرگە ئەگىشىپ كېتىدۇ. بۇنداق ئەھۋاللار شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى، رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ساپاسىنى بولۇپمۇ ئىدىيىۋى-سىياسىي ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئىنتايىن گەۋدىلىك بىر مەسىلىدۇر. تەشكىلىي جەھەتتە، ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرىدا، پارتىيىلىك كادىرلار قوشۇنىدا تۈرلۈك يېڭى ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلدى، بەزى ئۆزگىرىشلەر بولسا سەلبىي ئۆزگىرىش، يېڭى ۋەزىيەت، يېڭى ۋەزىپىنىڭ تەلىپىگە ماس كەلمىگەن، پارتىيىنىڭ ئۇيۇشۇش كۈچىنى، جەڭگىۋارلىقىنى جارى قىلدۇرۇشقا تەسىر كۆرسەتكەن ئۆزگە-رىش. ئىستىل جەھەتتە، پارتىيە ئىچىدە تۈرلۈك پاسسىپلىق، چىرىكلىك ھادىسىلىرى داۋاملىق پەيدا بولۇپ، پارتىيىنىڭ ئوبرازىغا، خەلقنىڭ مەنپەئىتىگە، پارتىيە بىلەن ئاممىنىڭ مۇناسىۋىتىگە ئېغىر دەخلى يەتكۈزدى، پارتىيىنىڭ ئىلغارلىقى ۋە جەڭگىۋارلىقى، ئۇيۇشۇش كۈچىمۇ ئاز بولمىغان زىيانغا ئۇچرىدى. پارتىيە ئىچىدە ساقلىنىۋاتقان تۈرلۈك مەسىلىلەر شۇنى ئىپادىلەيدۇكى، پارتىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش ئىشىنى بىر مىنۇتمۇ بوشاشتۇرۇپ قويۇشقا بولمايدۇ. پارتىيە قۇرۇلۇشىدا يېڭى مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن تارىختىكى ئۈنۈملۈك تەجرىبىلەرگە ۋارىسلىق قىلغاندىن سىرت يەنە يېڭى ئەھۋاللارغا ئاساسەن، يېڭى مەسىلىلەرنى كۆزدە تۇتۇپ، پارتىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى يېڭى پىكىر، يېڭى چارە، يېڭى ۋەزىپىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇش كېرەك. “ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش” دېگەن ئىلمىي ھۆكۈمنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلغانلىقى دەل يېڭى ئەسىردىكى پارتىيە قۇرۇلۇشىنىڭ بۇ يېڭى تەلىپىنى تولۇق نامايان قىلدى. تارىخقا ۋارىسلىق قىلغان، رېئاللىقنى ئاساس قىلغان، كەلگۈسىگە نەزەر سالغان بۇ ئىلمىي ھۆكۈم ئىنتايىن كۈچلۈك رېئاللىققا ۋە قاراتمىلىققا ئىگە بولۇپ، پارتىيە قۇرۇلۇشىدىكى يېڭى ئۇلۇغ قۇرۇلۇشنى داۋاملىق ھالدا ئومۇميۈزلۈك ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن يەنىمۇ روشەن يۆنىلىش كۆرسىتىپ بەردى. “ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش” تەلىپىدە قەتئىي بوشاشماي چىڭ تۇرۇپ، ئۈچىنىڭ ئىچكى مۇناسىۋىتىنى ئىلمىي ھالدا ئىگىلەپ، ئۇنىڭ روھىي ماھىيىتىنى چوڭقۇر ئۆزلەشتۈرسەكلا، پارتىيىمىزنىڭ ئىدىيىۋى-سىياسىي ساپاسى مۇقەررەر ھالدا روشەن ئۆسىدۇ، پارتىيىلىك كادىرلارنىڭ ئىدىيىۋى، نەزەرىيىۋى سەۋىيىسى، سىياسەت سەۋىيىسى ۋە خىزمەت ئىقتىدارى يېڭى ۋەزىيەت، يېڭى ۋەزىپىنىڭ تەلىپىگە تېخىمۇ ماسلىشىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەش داۋامىدىكى قىيىنچىلىقلارنى يېڭىش، رېئاللىقتىكى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئۈچۈن تېخىمۇ ئىلمىي، تېخىمۇ مۇكەممەل بولغان ماركسىزملىق ئىدىيىۋى، نەزەرىيىۋى ئاساس بىلەن تەمىن ئېتىلىدۇ. شۇڭا “ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش”نىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ئۇ — تارىخنىڭ ساداسى، دەۋرنىڭ تەلىپى، پۈتۈن پارتىيىنىڭ ئىرادىسى، خەلقنىڭ ئارزۇسى.

## نەزەرىيىدىكى يېڭىلىق

“ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش” دېگەن ئىلمىي ھۆكۈم ماركسىزملىق پارتىيە قۇرۇش تەلىماتىنىڭ زور

تەرەققىياتى، ماركسىزملىق پارتىيە قۇرۇش تەلىماتى تارىخىدىكى بىر قېتىملىق ئۇلۇغ يېڭىلىق يارىتىش.

**”ئۆچكە ۋەكىللىك قىلىش“ يېڭى يۈكسەكلىكتىن چىقىش قىلىپ دىئالېكتىك هالدا بىر ئىلمىي، مۇكەممەل پارتىيە قۇرۇلۇش سىستېمىسىنى سۈرەتلەپ بەردى.** پارتىيىمىز ماركسىزم نەزەرىيىسى بىلەن قوراللانغان ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئاۋانگارت ئەترىتى، ئۇنىڭ خاراكتېرى ئۇنىڭ مەيلى نەزەرىيە جەھەتتە ياكى ئەمەلىيەت داۋامىدا بولسۇن ”ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش“ تەلىپىدە باشتىن-ئاخىر چىڭ تۇرۇشى لازىملىقىنى بەلگىلىگەن. ماركسىزملىق پارتىيە قۇرۇش نەزەرىيىسى سىستېمىسى ئىچىدە ”ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش“ توغرىسىدىكى ئىدىيە مۇھىم ئورۇننى ئىگىلەيدۇ. ئوخشىمىغان تارىخىي تەرەققىيات دەۋرلىرىدە، پارتىيىمىزنىڭ رەھبەرلىك يادروسى ۋە رەھبەرلىك كوللېكتىپى پارتىيىنىڭ باشتىن-ئاخىر ئىلغار ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىيات تەلىپىگە ۋەكىللىك قىلىشى لازىملىقىنى، ئىدىيە، مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىشى لازىملىقىنى، ئەڭ كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ مەنپەئەتىنى قەتئىي تەۋرەنمىگەن هالدا ئەمەلگە ئاشۇرۇشى ۋە قوغدىشى لازىملىقىنى ئوخشاش بولمىغان نۇقتىدىن بايان قىلغان. ئاز كەم 80 يىلدىن بۇيان، پارتىيىمىز دەل مۇشۇنداق قىلىپ كەلدى. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن، پارتىيىمىز خەلققە رەھبەرلىك قىلىپ ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇشنىڭ ئۇلۇغ غەلىبىسىنى داۋاملىق قولغا كەلتۈردى. لېكىن، ماركسىزمنىڭ بىرقانچە تۈپ قائىدىلىرى ۋە پارتىيە قۇرۇش پرىنسىپلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش، تاللاپ ئېلىش، يىغىنچاقلاش ئارقىلىق ”ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش“نى ئوتتۇرىغا قويۇش ھەم ئۇنى ئورگانىك بىر پۈتۈنلۈككە ئايلاندۇرۇش ماركسىزمنىڭ پارتىيە قۇرۇش تارىخىدا بولۇپ باقمىغان ئىش، ماركسىزمنىڭ پارتىيە قۇرۇش نەزەرىيىسىدىكى زور يېڭىلىق. ئۇنىڭ كۆرۈنەرلىك تۆھپىسى شۇكى، ئىشچىلار سىنىپى پارتىيىسى قۇرۇلۇشىنىڭ ئۈچ ئاساسلىق ئامىلى ئورگانىك هالدا بىر پۈتۈن گەۋدە قىلىپ بىرلەشتۈرۈلدى، ئۇلار دىئالېكتىك هالدا بىر گەۋدە بولۇپ ئۇيۇشۇپ، بىر-بىرىنى تەقەززا قىلىدۇ، بىر-بىرىدىن ئايرىۋەتكىلى بولمايدۇ. ئۇنىڭ ئىچىدە باشتىن-ئاخىر جۇڭگونىڭ ئىلغار ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىيات تەلىپىگە ۋەكىللىك قىلىش ئاساس بولىدۇ. ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلغاندا ۋە راۋاجلاندۇرغاندىلا، ئاندىن تېخىمۇ كۆپ ماددىي بايلىق ۋە مەنىۋى بايلىق يارىتىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت بەرپا قىلىش ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ تۈپ مەنپەئەتىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن پۇختا ماددىي ئاساس بىلەن تەمىن ئەتكىلى بولىدۇ. باشتىن-ئاخىر جۇڭگونىڭ ئىلغار مەدەنىيىتىنىڭ ئىلگىرىلەش يۆنىلىشىگە ۋەكىللىك قىلىش ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە خەلقنىڭ تۈپ مەنپەئەتىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ مۇھىم شەرتى. باشتىن-ئاخىر جۇڭگونىڭ ئىلغار مەدەنىيىتىنىڭ ئىلگىرىلەش يۆنىلىشىگە ۋەكىللىك قىلىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى داۋاملىق ئالغا سىلجىتقاندىلا، ئاندىن ئىلغار ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن مەنىۋى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ، مەدەنىيەت شارائىتى ۋە ئەقلىي مەدەت بىلەن تەمىن ئەتكىلى بولىدۇ. خەلق ئاممىسىنىڭ مەدەنىي تۇرمۇش سەۋىيىسىنى داۋاملىق ئۆستۈرۈشمۇ خەلق ئاممىسىنىڭ تۈپ مەنپەئەتىگە ۋەكىللىك قىلىشنىڭ مۇھىم ئىپادىسى، يەنە كېلىپ جەمئىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا، خەلق ئاممىسىنىڭ ماددىي تۇرمۇش سەۋىيىسىنىڭ ئۆسۈشىگە ئەگىشىپ،

www.uyghurkitap.com

ئۇلارنىڭ مەدەنىي ئېھتىياجىمۇ كۈندىن-كۈنگە كۆپ خىللىشىپ بارىدۇ. باشتىن-ئاخىر جۇڭگودىكى ئەڭ كەڭ خەلقنىڭ تۈپ مەنپەئىتىگە ۋەكىللىك قىلىش بولسا پارتىيىمىزنىڭ تۈپ چىقىش نۇقتىسى ۋە تۈپ مەقسىتى، شۇنداقلا جۇڭگو ئىلغار ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىيات تەلىپىگە ۋە جۇڭگو ئىلغار مەدەنىيىتىنىڭ ئىلگىرىلەش يۆنىلىشىگە ۋەكىللىك قىلىشنىڭ تۈپ كاپالىتى. باشتىن-ئاخىر جۇڭگودىكى ئەڭ كەڭ خەلقنىڭ تۈپ مەنپەئىتىگە ۋەكىللىك قىلغاندىلا، خەلق ئاممىسى ئاندىن ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت ئۇلۇغ ئىشقا تېخىمۇ تولۇپ-تاشقان قىزغىنلىق بىلەن ئاتلىنىدۇ، جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىنى ئاڭلىق قوغدايدۇ، تېخىمۇ كۆپ، تېخىمۇ ياخشى ماددىي بايلىق ۋە مەنىۋى بايلىق يارىتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئىقتىسادىي ساھەدە ھەر كۈنى يېڭى تەرەققىيات بارلىققا كېلىدۇ، مەدەنىيەت ساھەسىدە ھەممە گۈللەر ئېچىلىپ كېتىدۇ، جەمئىيەتتە تىنچ-ئىتتىپاقلىق ۋەزىيىتى شەكىللىنىدۇ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشلىرى جۇشقۇن ھاياتىي كۈچكە تولىدۇ. ”ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش“ دىئالېكتىك ھالدا بىرلىككە كەلگەن بولىدۇ، بۇ ئۈچ تەرەپ پارتىيىمىزنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنىڭ ئاساسى، ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشىنىڭ ئۇلى، كۈچ-قۇۋۋىتىنىڭ مەنبەسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. نەزەرىيىدىكى بۇ يېڭىلىق ”ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش“ دېگەن ئىلمىي ھۆكۈمنىڭ يېڭى تارىخىي شارائىتتا ماركسىزمنىڭ پارتىيە قۇرۇش پرىنسىپىغا ۋارىسلىق قىلىش، ئۇنى تەتبىقلاش ۋە ئىجادىي يوسۇندا راۋاجلاندۇرۇشنىڭ نەتىجىسى ئىكەنلىكىنى تولۇق ئىپادىلىدى.

**”ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش“ يېڭى يۈكسەكلىكتىن چىقىش قىلىپ ئەتراپلىق ھالدا پارتىينىڭ ئىلغارلىقىنى ئومۇملاشتۇرۇپ بايان قىلدى.** شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ئىشچىلار سىنىپى پارتىيىسىنىڭ ئىلغارلىقى مەسىلىسى ماركسىزم دۇنياغا كەلگەن كۈندىن تارتىپلا ئىنتايىن ئايدىڭ بولۇپ كەلدى، پارتىيە-مىزنىڭ 79 يىللىق كۈرەش تارىخى ئوخشىمىغان تەرەپلەردىن پارتىينىڭ ئىلغارلىقىنى تېخىمۇ تولۇق ئىپادىلىدى. ئەمما نەزەرىيە ھامان تەرەققىي قىلىپ بارىدۇ، كومپارتىينىڭ ئىلغارلىقىمۇ ھامان دەۋرنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ داۋاملىق تۈردە يېڭى تەلەپ ۋە يېڭى ئالاھىدىلىككە ئىگە بولىدۇ. ”ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش“ مۇكەممەل، ئورگانىك، دىئالېكتىك بولغان بىر پۈتۈن گەۋدە بولغانلىقى ئۈچۈنلا، ”ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش“ ئارقىلىق پارتىينىڭ ئىلغارلىقىنى يىغىنچاقلىغاندا، پارتىينىڭ ئىلغارلىقى نەزەرىيە جەھەتتە تېخىمۇ ئىلمىي، ئەمەلىيەت جەھەتتە تېخىمۇ ئەتراپلىق، ھازىرقى باسقۇچتا تېخىمۇ دەۋر ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولۇپ، يېڭى مەزمۇنغا ئىگە، ئىجادىي خاراكتېرلىك ئىلمىي يەكۈن بولۇپ چىقىدۇ. ئۇنىڭ يېڭىلىقى پارتىينىڭ ئىلغارلىقى مەسىلىسىنى بىر تەرەپتىن ئەمەس ئۈچ تەرەپتىن، ماركسىزملىق دىئالېكتىك بىرلىك نەزىرى بىلەن ئۆلچىگەنلىكى ۋە كۆزەتكەنلىكىدە. تارىختا نەزەر سالىدىغان بولساق شۇنى بايقاش تەس ئەمەسكى، يۇقىرى كۆتۈرۈلۈش دەۋرىدە تۇرۇۋاتقان تەرەققىيپەرۋەر، ئىنقىلابىي سىنىپ ۋە ئۇنىڭ پارتىيىسى ھامان ئىلغار ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىيات تەلىپىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. ماركس، ئېنگېلس «كوممۇنىستىك پارتىيە خىتابنامىسى»دە مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: ”بۇرژۇئازىيە ئۆزىنىڭ تېخى يۈز يىلغا يەتمىگەن سىنىپىي ھۆكۈمرانلىقى داۋامىدا ياراتقان ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ئىلگىرىكى ھەممە دەۋرلەردە يارىتىلغان بارلىق

ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىدىنمۇ كۆپ ۋە زور بولدى... بۇنداق ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ ئىجتىمائىي ئەمگەك ئىچىدە يوشۇرۇنۇپ ياتقانلىقىنى ئۆتكەنكى قايسىبىر ئەسىردە خىيالغا كەلتۈرۈش مۇمكىن ئىدى؟» («ماركس-ئېنگېلس تاللانما ئەسەرلىرى»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 1-توم، 439-بەت) لېكىن، ئىشچىلار سىنىپى ۋە ئۇنىڭ پارتىيىسىگە ئوخشىمايدىغىنى شۇكى، بۇرژۇئازىيە مەلۇم مەزگىلدە ئىلغار ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىگە ۋەكىللىك قىلغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇ ئەڭ كەڭ خەلقنىڭ تۈپ مەنپەئىتىگە زادىلا ۋەكىللىك قىلغان ئەمەس. «پرولېتارىياتنىڭ ھەرىكىتى—مۇتلەق كۆپچىلىك كىشىلەرنىڭ مۇستەقىل ھەرىكىتى، مۇتلەق كۆپچىلىك كىشىلەرنىڭ مەنپەئىتىنى كۆزلەيدىغان مۇستەقىل ھەرىكەت»، كوممۇنىستلارنىڭ «پۈتۈن پرولېتارىياتنىڭ مەنپەئىتىدىن باشقىچە بولغان ھېچقانداق مەنپەئىتى يوق». (يۇقىرىقى كىتاب، 450—451، 453-بەتلەر) شۇڭا، ئىلغار ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىيات تەلىپىگىلا ۋەكىللىك قىلىپ، ئەڭ كەڭ خەلقنىڭ مەنپەئىتىگە ۋەكىللىك قىلمىغاندا، كومپارتىيىنىڭ ئىلغارلىقىنى قەتئىي ھاسىل قىلغىلى بولمايدۇ. ئەكسىچە، سۇبيېكتىپ مۇددىئا ياكى پارتىيىنىڭ ئاساسىي مەقسىتى جەھەتتىلا كەڭ خەلقنىڭ مەنپەئىتىگە ۋەكىللىك قىلىپ، ئىجتىمائىي تەرەققىيات داۋامىدا ئىلغار ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىيات تەلىپىگە ۋە ئىلغار مەدەنىيەتنىڭ ئىلگىرىلەش يۆنىلىشىگە ۋەكىللىك قىلمىغاندا، خەلقنىڭ مەنپەئىتىگە ۋەكىللىك قىلىش دېگەن سۆز قۇرۇق سۆزگە ئايلىنىپ قالىدۇ، خەلقنىڭ مەنپەئىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ماددىي، مەنىۋى بايلىق بولمايدۇ. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش»نىڭ ماس بىرلىكىنى ئىشقا ئاشۇرغاندىلا، ئاندىن پارتىيىنىڭ ئىلغارلىقىنى ئومۇميۈزلۈك ھەم ھەقىقىي ھالدا نامايان قىلغىلى بولىدۇ.

**«ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» يېڭى يۈكسەكلىكتىن چىقىش قىلىپ «قانداق پارتىيە قۇرۇش، پارتىيىنى قانداق قۇرۇش مەسىلىسى»گە ئىلمىي جاۋاب بەردى.** يولداش دېڭ شياۋپىڭ 1965-يىلىلا مۇنداق دېگەنىدى: «قانداق پارتىيە قۇرۇش مەسىلىسى بىزلەرگىلا ئەمەس، كېيىنكى، ئۇنىڭدىنمۇ كېيىنكى ئەۋلادلارغىمۇ مۇناسىۋەتلىك مەسىلە.» («دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 1-توم، 773-بەت) 1980-يىلى 2-ئايدا، پارتىيىنىڭ 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 5-ئومۇمىي يىغىنىنىڭ 3-قېتىملىق يىغىنىدا، ئۇ يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا مۇنداق دەپ ئوتتۇرىغا قويدى: «ھاكىمىيەت بېشىدىكى پارتىيە قانداق بولۇشى كېرەك، ھاكىمىيەت بېشىدىكى پارتىيىنىڭ ئەزالىرى قانداق قىلغاندا ئۆلچەمگە لايىق بولىدۇ، پارتىيە قانداق قىلغاندا رەھبەرلىك قىلىشقا ماھىر بولغان بولىدۇ؟» («دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 2-توم، 597-بەت) بۇ ئەمەلىيەتنىڭ تەرەققىياتى ۋە دەۋر ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن ئۈزلۈكسىز ئىزدىنىشكە، ئۈزلۈكسىز جاۋاب بېرىشكە تېگىشلىك مەسىلە. ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىلىۋاتقان يېڭى دەۋردە، پارتىيىنىڭ ئىككىنچى ۋە ئۈچىنچى ئەۋلاد مەركىزىي كومىتېت رەھبەرلىك كوللېكتىپى بۇ مەسىلە ئۈستىدە ھارماي-تالماي ئىزدىنىپ، يېڭى نەزەرىيە نەتىجىلىرىنى ئۈزلۈكسىز قولغا كەلتۈردى. يولداش دېڭ شياۋپىڭ پارتىيىمىزنى جەڭگىۋار ماركسىزملىق پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ سوتسىيالىستىك ماددىي مەدەنىيلىك ۋە مەنىۋى مەدەنىيلىك

قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىشقا رەھبەرلىك قىلىدىغان مۇستەھكەم يادرو قىلىپ قۇرۇپ چىقىشنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى. يولداش دېڭ شياۋپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيىنىڭ ئىككىنچى ئەۋلاد مەركىزىي كومىتېت رەھبەرلىك كوللېكتىپى ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنى ئىجادچانلىق بىلەن زامانىمىزدىكى جۇڭگوغا تەتبىقلاپ، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى شارائىتىدا قانداق پارتىيە قۇرۇش، پارتىيىنى قانداق قۇرۇش مەسىلىسىنى چۆرىدىگەن ھالدا پارتىيە قۇرۇلۇشىدىكى يېڭى ئۇلۇغ قۇرۇلۇشنى باشلاپ بەردى. يېڭى ئەسىرگە يۈزلەنگەن ئەھۋالدا، يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيىنىڭ ئۈچىنچى ئەۋلاد مەركىزىي كومىتېت رەھبەرلىك كوللېكتىپى پۈتۈن پارتىيىگە رەھبەرلىك قىلىپ بۇ يېڭى ئۇلۇغ قۇرۇلۇشنى داۋاملىق ئىلگىرى سۈرۈۋاتىدۇ. پارتىيىنىڭ 15-قۇرۇلتىيىدا، پارتىيىنى دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى بىلەن قوراللانغان، خەلق ئۈچۈن جان-دىل بىلەن خىزمەت قىلىدىغان، ئىدىيىۋى، سىياسىي ۋە تەشكىلىي جەھەتتە پۈتۈنلەي مۇستەھكەملەنگەن، تۈرلۈك خەۋپ-خەتەرلەرگە بەرداشلىق بېرەلەيدىغان، باشتىن-ئاخىر دەۋرنىڭ ئالدىدا ماڭىدىغان، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشقا رەھبەرلىك قىلىدىغان ماركسىزملىق پارتىيە قىلىپ قۇرۇپ چىقىش كېرەك، دەپ كۆرسىتىلدى. مۇشۇنداق ئاساستا، يولداش جياڭ زېمىن «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» دېگەن ئىلمىي ھۆكۈمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيە قۇرۇلۇشىنىڭ نىشانى، ۋەزىپىسى ۋە تەلىپىنى يېڭى بىر يۈكسەكلىككە كۆتۈردى، بۇ ئىلمىي ھۆكۈم روشەن دەۋر ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولۇپ، ئۈمىد ۋە سىناققا تولغان يېڭى ئەسىردە پارتىيىمىزنى قانداق بىر پارتىيە قىلىپ قۇرۇپ چىقىش ۋە پارتىيىنى قانداق قۇرۇشتىن ئىبارەت مۇشۇنداق زور تارىخىي مەسىلىگە توپ ئاساسىدىن ئىلمىي جاۋاب بەردى.

**«ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» يېڭى يۈكسەكلىكتىن چىقىش قىلىپ پارتىيىنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا رەھبەرلىك قىلىشىدىكى ئۆلچەم، پرىنسىپ مەسىلىسىنى توغرا شەرھلەپ بەردى.** سوتسىيالىستىك جەمئىيەت ئومۇميۈزلۈك تەرەققىي قىلغان جەمئىيەت بولۇشى لازىم. پارتىيىمىز جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشقا رەھبەرلىك قىلىش ئۇلۇغ ئەمەلىيىتى داۋامىدا، سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى ئاساسىي لۇشيەن، ئاساسىي فاكجېن ۋە ئاساسىي پروگراممىنى تۈزۈپ چىقتى، بۇلارنىڭ ھەممىسىدە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئومۇميۈزلۈكلۈكى، سىستېمىلىقلىقى ئىپادىلەنگەن، ئىقتىساد، سىياسەت، مەدەنىيەتنى ئومۇميۈزلۈك ھالدا تەڭگەش راۋاجلاندۇرۇشتىن ئىبارەت ئوبيېكتىپ تەلەپ ئىپادىلەنگەن. خۇددى پارتىيىنىڭ 15-قۇرۇلتاي دوكلاتىدا كۆرسىتىلگىنىدەك، جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك ئىقتىساد، سىياسەت ۋە مەدەنىيەت بەرپا قىلىشنىڭ ئاساسىي نىشانلىرى ۋە ئاساسىي سىياسەتلىرى بىر-بىرىدىن ئايرىلالمايدىغان ئورگانىك بىر پۈتۈنلۈك بولۇپ، پارتىيىنىڭ سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىغا خاس ئاساسىي پروگراممىسىنى ھاسىل قىلغان. لېكىن، ئەمەلىيەت داۋامىدا، تونۇش جەھەتتىكى ئېغىش تۈپەيلىدىن، ئاز بولمىغان جايلاردا قۇرۇلۇش ۋە تەرەققىيات جەھەتتە ھېلىھەم بىر تەرەپلىملىك مەسىلىسى مەۋجۇت، بۇنىڭ گەۋدىلىك ئىپادىلىرى «بىر قول قاتتىق، بىر قول يۇمشاق» بولۇش ھادىسىلىرى تۈپ جەھەتتىن تۈگىتىلمىگەنلىكى، پاسسىپلىق، چىرىكلىك ھادىسىلىرى ھېلىھەم يامراۋاتقانلى-

قىدىن ئىبارەت. بۇ مەسىلىلەرنىڭ كېلىپ چىقىشى قىسمەن پارتىيىلىك رەھبىرىي كادىرلارنىڭ پىكىر قىلىش ئۇسۇلى جەھەتتىكى مېتافىزىكىسى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. بۇ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشلىرىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك تەرەققىياتىغا ئېغىر توسقۇنلۇق قىلدى، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ جانجان مەنپەئىتىگە ئېغىر زىيان سالدى. شۇڭا، يېڭى مەسىلىلەرنى كۆزدە تۇتۇپ، "ئۆچكە ۋەكىللىك قىلىش" تەلىپى بويىچە پارتىيىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا رەھبەرلىك قىلىشىدىكى ئۆلچەم ۋە پرىنسىپىنى يەنىمۇ ئايدىڭلاشتۇرۇشىمىز لازىم. يولداش جياڭ زېمىن پۈتۈن پارتىيىدىكى يولداشلار پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ئىزچىللاشتۇرغاندا، تۈرلۈك ئىشلار بىلەن شۇغۇللانغاندا، "ئۆچكە ۋەكىللىك قىلىش" تەلىپىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى مەھكەم ئېسىدە ساقلىشى، قوللانغان تەدبىرلىرىمىز، قىلغان خىزمەتلىرىمىزنىڭ "ئۆچكە ۋەكىللىك قىلىش" تەلىپىگە ماس كەلگەن-كەلمىگەنلىكىگە قاراپ بېقىشى، ماس كەلگەنلىرىدە قىلچىمۇ تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇشى، تولۇق ماس كەلمەي تەڭشەشكە، تولۇقلاشقا تېگىشلىكلىرىنى پائال تەڭشىشى، تولۇقلىشى، ماس كەلمىگەنلىرىنى ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدىگەن ھالدا باتۇرلۇق بىلەن تۈزىتىشى، بۇنىڭ بىلەن بىزنىڭ ئىسلاھات ۋە قۇرۇلۇش ئىشلىرىمىزنى ئۈزلۈكسىز ئالغا سىلجىتىشقا پايدا يەتكۈزۈشى، كوممۇنىستلارنىڭ ئىلغارلىقى ۋە دەۋر روھىنى تولۇق نامايان قىلىشى لازىملىقىنى ئېنىق قىلىپ كۆرسىتىپ ئۆتتى. بۇ مۇھىم ھۆكۈم ئىنتايىن كۈچلۈك رېئال قاراتمىلىققا ئىگە، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك راۋاجلاندۇرۇشتىمۇ ئىنتايىن كۈچلۈك رېئال يېتەكچىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇ ھۆكۈم ھاكىمىيەت بېشىدىكى پارتىيىنىڭ ئۆز قۇرۇلۇشى نۇقتىسىدىن شۇنى چوڭقۇر شەرھلىدىكى، پارتىيە جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشلىرىغا رەھبەرلىك قىلىشتا ھەر جەھەتتىن رەھبەرلىك قىلىش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇشى كېرەك، پارتىيىنىڭ فاڭجېن، سىياسەتلىرىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغان-بولمىغانلىقىنى، پايدا-زىيىنى ئۆلچەپ كۆرۈشتىمۇ ھەر جەھەتتىن قاراش ئۆلچىمىدە چىڭ تۇرۇش كېرەك، ھەم ئىلغار ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىيات تەلىپىگە ۋەكىللىك قىلىپ، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرگەن-سۈرمىگەنلىكىگە قاراش، ھەم ئىلغار مەدەنىيەتنىڭ ئىلگىرىلەش يۆنىلىشىگە ۋەكىللىك قىلىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرگەن-سۈرمىگەنلىكىگە قاراش، يەنە ئەڭ كەڭ خەلقنىڭ تۈپ مەنپەئىتىگە ۋەكىللىك قىلىپ، ئەڭ كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ جانجان مەنپەئىتىنى ھەقىقىي تۈردە ياخشى ئىشقا ئاشۇرغان-ئاشۇرمىغانلىقىغا، ياخشى قوغدىغان-قوغدىمىغانلىقىغا، ياخشى راۋاجلاندۇرغان-راۋاجلاندۇرمىغانلىقىغا، تىرىشىپ ئىشچىلار، دېھقانلار، زىيالىيلار ۋە باشقا ئەمگەكچى ئاممىنى ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىيات نەتىجىلىرىدىن ئورتاق بەھرىمەن قىلغان-قىلمىغانلىقىغا قاراش كېرەك. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، بۇ ئۈچ تەرەپنىڭ ئورگانىك بىرلىكى پارتىيىنىڭ رەھبەرلىك سەۋىيىسى ۋە ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش سەۋىيىسىنى ئۆلچەشنىڭ مۇھىم ئۆلچىمى، شۇنداقلا ئېنىقمۇ يېڭى، ئېنىقمۇ يۇقىرى ئۆلچىمى، ئۇ "ئۆچكە ۋەكىللىك قىلىش" دېگەن ئىلمىي ھۆكۈمنىڭ ماركسىزملىق پارتىيە قۇرۇش نەزەرىيىسىنى راۋاجلاندۇرغانلىقى ۋە ئۇنىڭغا يېڭىلىق قوشقانلىقىنى تولۇق نامايان قىلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

# ھەرىكەت قىبلىنامىسى

يولداش جياڭ زېمىننىڭ ”ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش“ دېگەن ئىلمىي ھۆكۈمى ماركسىزملىق پارتىيە قۇرۇش تەلىماتىنىڭ ۋارىسى ۋە راۋاجى سۈپىتىدە مۇھىم نەزەرىيىۋى قىممەتكە ئىگە بولۇپلا قالماي، بەلكى پارتىيىمىزنىڭ ئاز كەم 80 يىللىق ئاساسىي تەجرىبىلىرىنىڭ يۈكسەك دەرىجىدە يىغىنچاقلىنىشى ۋە ئىلمىي يەكۈنى بولۇپ، يېڭى ئەسىردە پارتىيە قۇرۇلۇشىدىكى يېڭى ئۇلۇغ قۇرۇلۇشنى ئىلگىرى سۈرۈشتىن ئىبارەت كۆرەش نىشانى ۋە ئىلگىرىلەش يۆنىلىشىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا كۆرسىتىپ بەردى، قانداق پارتىيە قۇرۇشىمىز، پارتىيىنى قانداق قۇرۇشىمىز لازىم دېگەن مەسىلىگە تۈپ جەھەتتىن جاۋاب بەردى. ”ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش“ تەلىپىنى چوڭقۇر ئۆگىنىش، ئەتراپلىق ئىزچىللاشتۇرۇش پارتىيىمىزنىڭ يېڭى تارىخىي شارائىتتا پارتىيىنىڭ ئىلغارلىقىنى ساقلىشى، پارتىيىنىڭ جەڭگىۋار كۈچى ۋە ئۇيۇشۇش كۈچىنى ئاشۇرۇشى، پارتىيىنىڭ ھاكىمىيەت بېشىدىكى ئورنىنى مۇستەھكەملىشى، پارتىيىنىڭ رەھبەرلىك سەۋىيىسىنى ئاشۇرۇشى، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ ۋە باشلاپ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيا-لىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ يېڭى نەتىجىلىرىنى ئۈزلۈكسىز قولغا كەلتۈرۈشى ئۈچۈن زور ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇ ئىلمىي ھۆكۈمگە نىسبەتەن بىز ئۇنىڭ روھىي ماھىيىتىنى چوڭقۇر ئۆزلەشتۈرۈشىمىز، ئۇنىڭ نەزەرىيىۋى مەزمۇنىنى ئەتراپلىق ئىگەللىشىمىز، ”ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش“تا چىڭ تۇرۇش تەلىپىنى پارتىيىنىڭ نەزەرىيىۋى لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى قەتئىي، ئەتراپلىق، توغرا ئىجرا قىلىش جەھەتتە ئەمەلىيلەشتۈرۈشىمىز، پارتىيىنىڭ تۈرلۈك خىزمەتلىرىدە ئەمەلىيلەشتۈرۈشىمىز، يۇقىرى ساپالىق كادىرلار قوشۇنى قۇرۇپ چىقىش جەھەتتە ئەمەلىيلەشتۈرۈشىمىز، پارتىيىنى قاتتىق باشقۇرۇش جەھەتتە ئەمەلىيلەشتۈ-رۈشىمىز لازىم.

**”ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش“ ئىلمىي ھۆكۈمدە چىڭ تۇرۇشتا پارتىيىنىڭ ئاساسىي نەزەرىيە-سى، ئاساسىي لۇشيەنى، ئاساسىي فاڭجېنى ۋە ئاساسىي پروگراممىسىدا قەتئىي تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇش كېرەك.** ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىلىۋات-قان يېڭى مەزگىلدە، پارتىيىنىڭ ئاساسىي نەزەرىيىسى، ئاساسىي لۇشيەنى، ئاساسىي فاڭجېنى، ئاساسىي پروگراممىسى پارتىيىمىزنىڭ ”ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش“ ئىلمىي ھۆكۈمدە چىڭ تۇرغانلىقىنىڭ مەركەزلىك ئىپادىسى، شۇنداقلا پارتىيىمىزنىڭ ”ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش“نى تېخىمۇ ياخشى گەۋدىلەندۈرۈشىنىڭ مۇھىم كاپالىتى. ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ ۋارىسى ۋە راۋاجى بولغان دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى جۇڭگو خەلقىنىڭ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش داۋامىدا سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇ-رۇشنى غەلىبىلىك ئىشقا ئاشۇرۇشىغا يېتەكچىلىك قىلىدىغان توغرا نەزەرىيىدۇر. ھازىرقى جۇڭگودا، سوتسىيا-لىزمنىڭ ئىستىقبالى ۋە تەقدىرى مەسىلىسىنى باشقا نەزەرىيە بىلەن ئەمەس، ماركسىزم بىلەن ھازىرقى

جۇڭگونىڭ ئەمەلىيىتى ۋە دەۋر ئالاھىدىلىكى بىرلەشتۈرۈلگەن دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى بىلەنلا ھەل قىلغىلى بولىدۇ. پارتىيىمىز «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش»تا قەتئىي تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇش ئۈچۈن، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى بىلەن بارلىق ئىشلىرىمىز ۋە تۈرلۈك خىزمەتلىرىمىزگە يېتەكچىلىك قىلىشى لازىم. بۇ بىزنىڭ «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» ئىلمىي ھۆكۈمدە چىڭ تۇرۇشىمىزنىڭ تۈپ نەزەرىيىۋى كاپالىتى. پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنى، ئاساسىي فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇش «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» ئىلمىي ھۆكۈمدە قەتئىي تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇشنىڭ تۈپ سىياسىي كاپالىتى. ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئېلىپ بېرىلغان 20 نەچچە يىلدىن بۇيان، پارتىيىمىزنىڭ پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىگە رەھبەرلىك قىلىپ ۋە ئۇلارنى ئىتتىپاقلاش-تۇرۇپ، تۈرلۈك قىيىنچىلىق ۋە خەۋپ-خەتەرلەرنىڭ كەسكىن سىنىقىغا بەرداشلىق بېرىپ، ئىجتىمائىي، سىياسىي مۇقىملىق ۋە خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئىزچىل، تېز، ساغلام تەرەققىياتىنى ساقلىيالىشى، ئەڭ مۇھىمى، تۈرلۈك تۇسالغۇلارنى قەتئىي چىقىرىپ تاشلاپ، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەن ۋە ئاساسىي فاڭجېنىنى قەتئىي تەۋرەنمەي ئىجرا قىلغانلىقىدىندۇر. پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىدە چىڭ تۇرۇشتا، ئۇنىڭ پۈتۈن مەزمۇنىنى ئەتراپلىق ئىگەللەپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىش بىلەن تۆت ئاساسىي پرىنسىپ ۋە ئىسلاھات-ئې-چىۋېتىشتىن ئىبارەت ئىككى ئاساسىي نۇقتىنى جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئۇلۇغ ئەمەلىيىتىدە بىرلەشتۈ-رۈش لازىم. پارتىيىنىڭ ئاساسىي فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇشتا، ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىقنىڭ دىئالېكتىك مۇناسىۋىتىنى توغرا ئىگەللەش ۋە بىر تەرەپ قىلىش كېرەك. پارتىيىنىڭ سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى ئاساسىي پروگراممىسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش بىزنىڭ «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش»تا ئومۇمىيۈزلۈك چىڭ تۇرۇش تەلپىمىز بىلەن بىردەك. بۇ پروگراممىغا ئاساسەن جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك ئىقتىساد، سىياسەت، مەدەنىيەت قۇرۇلۇشنى ئومۇمىيۈزلۈك ئېلىپ بېرىش دەل «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» ئىلمىي ھۆكۈمدە چىڭ تۇرغانلىقنىڭ مەركەزلىك ئىپادىسى، شۇنداقلا «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» تەلپىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭمۇ كونكرېت يولى. بىز ئاساسىي پروگراممىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» تەلپىنى گەۋدىلەندۈرۈش بىلەن ئورگانىك ھالدا بىرلەشتۈرۈپ، ئاساسىي پروگراممىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتەك ئەمەلىي ھەرىكىتىمىز ئارقىلىق «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» تەلپىنى گەۋدىلەندۈرۈشىمىز؛ «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» تەلپى ئارقىلىق ئاساسىي پروگراممىنىڭ ئىشقا ئېشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشىمىز لازىم.

**«ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» ئىلمىي ھۆكۈمدە چىڭ تۇرۇشتا، ئۈچ تەرەپنى جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئۇلۇغ ئەمەلىيىتىدە بىرلەشتۈرۈش لازىم.** سوتسىيالىستىك جەمئىيەت ئىنسانلار تارىخىدىكى يېپيېڭى ئىجتىمائىي فورماتسىيە بولۇش سۈپىتى بىلەن ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىپ ئومۇمىيۈزلۈك تەرەققىي قىلىدىغان، ئومۇمىيۈزلۈك ئىلگىرىلەيدىغان جەمئىيەتتۇر. ئىقتىساد، سىياسەت، مەدەنىيەت تەڭكەش تەرەققىي قىلدۇرۇلۇپ، ئىككىلا مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى ياخشى ئېلىپ بېرىلغاندىلا، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇپ چىقىلغان ھېسابلىنىدۇ. يولداش جياڭ زېمىننىڭ «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» ھەققىدىكى ئىلمىي ھۆكۈمى سوتسىيالىستىك جەمئىيەتنىڭ بۇ خىل ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكى ۋە جۇڭگوچە سوتسىيالىزم

قۇرۇشنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك تەرەققىي قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت ماھىيەتلىك تەلىپىنى مەركەزلىك ئىپادىلەپ بەردى. بىز «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇشتىمۇ پىكىر قىلىش ئۇسۇلى مەسىلىسى بار، بىر بولسا ئومۇمىيۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرىمىز، يەنە بىر بولسا چالا-بۇلا ئىزچىللاشتۇرىمىز، بۇ «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» تەلىپىنى پارتىيىنىڭ بارلىق خىزمەتلىرىدە ھەقىقىي ئەمەلىيلەشتۈرگىلى بولۇش-بولماسلىقىغا، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشلىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىلگىرى سۈرگىلى بولۇش-بولماسلىقىغا مۇناسىۋەتلىك ئىش. بۈنىڭ ئۈچۈن بىزنىڭ «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» ئىلمىي ھۆكۈمىدە چىڭ تۇرۇش داۋامىدا دىئالېكتىكىنى ئىگەللەپ، ماركسىزملىق دىئالېكتىكىلىق پىكىر قىلىش ئىقتىدارىمىزنى ئاشۇرۇشىمىز، بىر تەرەپلىمىلىك ۋە مۇتلەقلەشتۈرۈۋېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىشىمىز تەلەپ قىلىنىدۇ. بىز ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى بىلەن ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنىڭ زىددىيەتلىك ھەرىكىتىنىڭ قانۇنىيىتى ۋە يۈنىلىشىنى توغرا ئىگەللىگەندىلا، ئاندىن ئىلغار ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىيات تەلىپىگە ۋەكىللىك قىلالايمىز؛ ماددا بىلەن روھنىڭ دىئالېكتىك مۇناسىۋىتىنى توغرا ئىگەللىگەندىلا، ئاندىن ئىلغار مەدەنىيەتنىڭ ئىلگىرىلەش يۈنىلىشىگە ۋەكىللىك قىلالايمىز؛ پارتىيە بىلەن خەلق ئاممىسىنىڭ قان بىلەن گۆشتەك زىچ مۇناسىۋىتىنى توغرا ئىگەللىگەندىلا، ئاندىن ئەڭ كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ تۈپ مەنپەئىتىگە ۋەكىللىك قىلالايمىز. شۇڭا، بىز «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» ئىلمىي ھۆكۈمىنىڭ ئىچكى باغلىنىشى ھەم ئۇلارنىڭ دىئالېكتىك مۇناسىۋىتىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىگەللەش جەھەتتە كۈچ چىقىرىشىمىز، ئۇنىڭ ئىلمىي قائىدىلىرى ۋە روھىي ماھىيىتىنى ئۆگىنىش ۋە قوللىنىش جەھەتتە كۈچ چىقىرىشىمىز، «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش»نىڭ مۇكەممەللىكى، توغرىلىقى، ئومۇمىيۈزلۈكلۈكىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش جەھەتتە كۈچ چىقىرىشىمىز لازىم. رېئال تۇرمۇشتا ئىككى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىدا ساقلىنىۋاتقان «بىر قول قاتتىق، بىر قول يۇمشاق» بولۇش مەسىلىسىنى كۆزدە تۇتۇپ، نۆۋەتتە ھەم بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىل ئىچىدە ئومۇمىيۈزلۈك تەرەققىي قىلىش، ئومۇمىيۈزلۈك ئىلگىرىلەش نىشانىدا چىڭ تۇرۇپ، ماددىي مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنى ياخشى ئېلىپ بېرىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنى گەۋدىلىك ئورۇنغا كۆتۈرۈشنى ئالاھىدە تەكىتلەش لازىم. ئىدىيە، ئەخلاق قۇرۇلۇشىنى ھەقىقىي كۈچەيتىپ، ماركسىزم ئارقىلىق سوتسىيالىستىك ئىدىيە، مەدەنىيەت بازىسىنى مەھكەم ئىگەللەپ، ئىلمىي نەزەرىيە بىلەن كىشىلەرنى قوراللاندۇرۇپ، توغرا جامائەت پىكرى بىلەن كىشىلەرنى يېتەكلەپ، ئالىيجاناب روھ بىلەن كىشىلەرنى تەربىيىلەپ، نادىر ئەسەرلەر بىلەن كىشىلەرنى ئىلھاملاندۇرۇپ، غايىلىك، ئەخلاقلىق، مەدەنىيەتلىك، ئىنتىزامچان سوتسىيالىستىك پۇقرالارنى يېتىشتۈرۈپ، مائارىپ، پەن، مەدەنىيەت ئىشلىرىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇپ، پۈتكۈل مىللەتنىڭ ئىدىيە، ئەخلاق ساپاسى ۋە پەن-مەدەنىيەت ساپاسىنى تىرىشىپ ئۆستۈرۈش لازىم.

**ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» ئىلمىي ھۆكۈمىدە چىڭ تۇرۇشتا، ئەڭ كەڭ خەلقنىڭ تۈپ مەنپەئىتىگە ئۇيغۇن كېلىش-كەلمەسلىكنى پارتىيىنىڭ بارلىق خىزمەتلىرىنى ئۆلچەيدىغان ئەڭ يۇقىرى ئۆلچەم قىلىش لازىم.** «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» پارتىيىنىڭ ئىلغارلىقى ۋە تۈپ مەقسىتىنى نامايان قىلدى، ئۇنىڭ يادرولۇق مەزمۇنى ئەڭ كەڭ خەلقنىڭ تۈپ مەنپەئىتىگە ۋەكىللىك قىلىشتىن ئىبارەت.

پارتىيىمىزگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، مەيلى ئىلغار ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىيات تەلىپىگە ۋەكىللىك قىلىش بولسۇن، ياكى ئىلغار مەدەنىيەتنىڭ ئىلگىرىلەش يۆنىلىشىگە ۋەكىللىك قىلىش بولسۇن، ئاخىرقى ھېسابتا ئەڭ كەڭ خەلقنىڭ تۈپ مەنپەئىتىگە ئېھتىمۇ ياخشى ۋەكىللىك قىلىشنى مەقسەت قىلىدۇ. ”خەلق—دۆلىتىمىزنىڭ خوجايىنى، دۆلىتىمىزنىڭ ئىستىقبالى ۋە تەقدىرىنى بەلگىلەيدىغان ئاساسىي كۈچ. پارتىيىنىڭ بارلىق ۋەزىپىسى ۋە مەسئۇلىيىتى خەلقنىڭ مەنپەئىتىنى كۆزلەپ، خەلق ئاممىسىنى ئۆزىنىڭ تۈپ مەنپەئىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا ئۇيۇشتۇرۇش ۋە يېتەكلەشتىن ئىبارەت. ھەرقانداق ۋاقىتتا، ھەرقانداق ئەھۋالدا، پارتىيىنىڭ بارلىق خىزمەتلىرى ۋە فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ئۆلچەشتە ئەڭ كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ مەنپەئىتىگە ئۇيغۇن كېلىش-كەلمەسلىكنى ئەڭ يۇقىرى ئۆلچەم قىلىش كېرەك. بۇ بىزنىڭ مەسىلىلەرنى كۆزىتىش ۋە بىر تەرەپ قىلىشتىكى تۈپ پرىنسىپىمىز.“ (جياڭ زېمىن: «پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3-ئومۇمىي يىغىنى چاقىرىلغانلىقىنىڭ 20 يىللىقىنى خاتىرىلەش يىغىنىدا سۆزلەنگەن سۆز») بۇ ”ئەڭ يۇقىرى ئۆلچەم“ بىز بەلگىلىگەن لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلەرنىڭ، بارلىق خىزمەتلىرىمىزنىڭ ھەم ئىلمىي قانۇنىيەت ۋە ئوبيېكتىپ ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كېلىشىنى، ھەم ئەڭ كەڭ خەلقنىڭ تۈپ مەنپەئىتىگە ئۇيغۇن كېلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىز ھەر بىر كوممۇنىست ئىدىيىۋى كۆزقاراش جەھەتتە ماركسىزملىق ماتېرىيالىستىك تارىخ قاراشنى مۇستەھكەم تىكلەپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىيات داۋامىدىكى ئورنى ۋە رولىنى ئىنكار قىلىدىغان، كەمسىتىدىغان تۈرلۈك تارىخىي ئىدىئالىزملىق قاراشلارنى ئاڭلىق توسۇپ، خەلق ئاممىسىنىڭ تارىخنى ئالغا سىلجىتىدىغان ھەل قىلغۇچ كۈچ ئىكەنلىكىگە، دۆلىتىمىزنىڭ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشلىرى ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ھەل قىلغۇچ كۈچى ئىكەنلىكىگە، پارتىيىمىز ۋە دۆلىتىمىزنىڭ ئىستىقبالى، تەقدىرىنى بەلگىلەيدىغان ھەل قىلغۇچ كۈچ ئىكەنلىكىگە ئىشىنىشىمىز لازىم. كونكرېت ئەمەلىيەت داۋامىدا، پارتىيىنىڭ ھەممىدە ئاممىغا ئىشىنىش، ھەممىدە ئاممىغا تايىنىش، ئاممىدىن ئېلىپ ئاممىغا قايتۇرۇشتىن ئىبارەت ئاممىۋى لۇشيەنىدە باشتىن-ئاخىر چىڭ تۇرۇپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ئىجادىيىتىگە ھۆرمەت قىلىش، خەلق ئاممىسىنىڭ ساداسىغا قۇلاق سېلىش، خەلق ئاممىسىنىڭ ئارزۇسىنى ئىنكاس قىلىش، خەلق ئاممىسىنىڭ ئەقىل-پاراستى ۋە كۈچ-قۇۋۋىتىنى مەركەزلەشتۈرۈپ تۈرلۈك ئىشلىرىمىزنى راۋاجلاندۇرۇش لازىم. پۈتكۈل ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى داۋامىدا تىرىشىپ ئەڭ كەڭ خەلق ئاممىسىنى ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىيات نەتىجىلىرىدىن بەھرىمەن قىلىش، ئەڭ كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ جانجان مەنپەئىتىنى ياخشى ئىشقا ئاشۇرۇش، ياخشى قوغداش، ياخشى راۋاجلاندۇرۇش، ئۇلارنىڭ ئاكتىپلىقىنى ياخشى يېتەكلەش، ياخشى قوغداش، ياخشى جارى قىلدۇرۇش لازىم. مۇشۇنداق قىلغاندىلا، پارتىيىمىز ئەڭ كەڭ خەلقنىڭ تۈپ مەنپەئىتىگە مەڭگۈ سادىقلىق بىلەن ۋەكىللىك قىلالايدۇ، خەلقنىڭ ئۈمىدى ۋە مۇھىم تاپشۇرۇقىنى مەڭگۈ يەردە قويمايدۇ، مەڭگۈ تۈگىمەس كۈچ بۇلىقىغا ئىگە بولىدۇ.

**”ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش“ ئىلمىي ھۆكۈمىدە چىڭ تۇرۇشتا، باشتىن-ئاخىر تەۋرەنمەي پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش، ئۇنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش لازىم.** جۇڭگو كومپارتىيە-

www.uyghurkitap.com

سى جۇڭگو ھەر مىللەت خەلقى مەنپەئىتىنىڭ سادىق ۋەكىلى، جان-دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش پارتىيىنىڭ تۈپ مەقسىتى. مەملىكىتىمىزدە، پەقەت جۇڭگو كومپارتىيىسىلا ماركسىزمنىڭ تۈپ قائىدىلىرىنى مەملىكىتىمىزنىڭ كونكرېت ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ھەرقايسى تارىخىي تەرەققىيات مەزگىللىرىدە توغرا لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلەرنى تۈزۈپ چىقىپ، ئىنقىلاب، قۇرۇلۇش ۋە ئىسلاھاتنىڭ توغرا يۆنىلىشنى بويلاپ ئىلگىرىلىشىگە كاپالەتلىك قىلالايدۇ؛ پەقەت جۇڭگو كومپارتىيىسىلا پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، تەشكىللەپ، ھەيۋەتلىك سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش قوشۇنىنى شەكىللەندۈرەلەيدۇ؛ پەقەت جۇڭگو كومپارتىيىسىلا خەلقنىڭ تۈپ مەنپەئىتىگە ھەقىقىي ۋەكىللىك قىلالايدۇ ۋە قوغدىيالايدۇ؛ پەقەت جۇڭگو كومپارتىيىسىلا سوتسىيالىستىك جۇڭگونىڭ ئىجتىمائىي، سىياسىي مۇقىملىقىغا كاپالەتلىك قىلالايدۇ. ئاز كەم 80 يىللىق تەجرىبىلەر شۇنى ئىسپاتلىدىكى، جۇڭگو كومپارتىيىسى ئۇلۇغ، شەرەپلىك، توغرا پارتىيە، پەقەت جۇڭگو كومپارتىيىسىلا "ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش"نى ھەقىقىي ئىشقا ئاشۇرالايدۇ. شۇڭا، "ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش" تەلىپىدە چىڭ تۇرۇشتا، قەتئىي تەۋرەنمەي پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش لازىم، بۇ—تارىختىن ۋە رېئاللىقتىن چىقىرىلغان ئاساسىي يەكۈن. پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش، پۈتۈن پارتىيىنىڭ "ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش" تەلىپىدە تېخىمۇ ياخشى چىڭ تۇرۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىپ ۋە ياخشىلاپ، پارتىيە پارتىيىنى باشقۇرۇش، پارتىيىنى قاتتىق باشقۇرۇشتا چىڭ تۇرۇش لازىم. بۇنىڭدىكى بىر مۇھىم تەرەپ "ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش" تەلىپىگە بىنائەن يۇقىرى ساپالىق كادىرلار قوشۇنىنى قۇرۇپ چىقىشتىن ئىبارەت. جۇڭگونىڭ سوتسىيالىزم ئىشلىرى مۇستەھكەملىنىپ ۋە راۋاجلىنىپ كېتەلەمدۇ-يوق، جۇڭگو كەلگۈسىدىكى كەسكىن خەلقئارا رىقابەتتە ئالدىنقى كەتكەنلەرگە يېتىشەلەمدۇ-يوق، بۇنىڭ ھالقىسى پارتىيىمىزنىڭ زور بىر تۈركۈم يۇقىرى ساپالىق رەھبىرىي خادىملارنى ئۈزلۈكسىز تەربىيىلەپ چىقىش-چىقالماسلىقىدا. بۇ مەسىلە ياخشى ھەل قىلىنمىسا، بىزنىڭ يېڭى ئەسىر ئىچىدە تۈرلۈك قىيىنچىلىق ۋە خەۋپ-خەتەرلەرنىڭ سىنىقىغا بەرداشلىق بېرەلىشىمىز، پارتىيىمىز ۋە دۆلىتىمىز بەلگىلىگەن كۈرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشىمىز تەسكە چۈشىدۇ. ھەممىمىز مۇشۇنداق سىياسىي يۈكسەكلىكتە تۇرۇپ يۇقىرى ساپالىق كادىرلار قوشۇنىنى قۇرۇپ چىقىشنىڭ زور ئەھمىيىتىنى تونۇپ يېتىشىمىز، مەركەزنىڭ تەلىپىگە بىنائەن بۇ خىزمەتنى چىڭ تۇتۇپ ياخشى ئىشلىشىمىز لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، پارتىيە ئىچىدە ساقلىنىۋاتقان "ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش" تەلىپىگە ماس كەلمەيدىغان تۈرلۈك ئەھۋاللارنى كۈچلۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ تۈگىتىش كېرەك. يولداش جياڭ زېمىن مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ 4-قېتىملىق ئومۇمىي يىغىنىدا سۆزلىگەن سۆزىدە چوڭقۇر قىلىپ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: "ئومۇمىي جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، پارتىيىمىز جەڭگىۋار كۈچكە ئىگە، پارتىيىنىڭ تەشكىلاتلىرى ۋە پارتىيىلىك كادىرلار قوشۇنى ياخشى. بۇ—ئاساسىي ئېقىم، ئاساسىي تەرەپ. بۇنى كۆرەلمەسلىك خاتا، زىيانلىقتۇر. لېكىن ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەرنى كۆرۈپ يەتمەسلىك ياكى مەسىلىنىڭ ئېغىرلىقى ۋە زىيىنىنى يېتەرلىك دەرىجىدە مۆلچەرلىمەسلىك ئوخشاشلا خاتا، زىيانلىقتۇر... بۇ بىزگە شۇنى ئۇقتۇرىدۇكى، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش قانچىكى دەرىجىدە ئېلىپ بېرىلغانسېرى، سوتسىيالىستىك

بازار ئىگىلىكى قانچىكى دەرىجىدە راۋاجلانغانسېرى، پارتىيىنى شۇنچە قاتتىق باشقۇرۇش لازىم. ئەگەر پارتىيە قاتتىق باشقۇرۇلمىسا، ئىنتىزام بوش، تەشكىل تارقاق بولۇۋەرسە، پارتىيىنىڭ، دۆلەتنىڭ مۇنقەرز بولۇش خەۋپىنى يوق دېگىلى بولمايدۇ!“ («خەلق گېزىتى»نىڭ 2000-يىل 4-ئاينىڭ 2-كۈنىدىكى سانىدىن) ”ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش“ تەلىپىدە چىڭ تۇرۇش ئۈچۈن، پارتىيە ئىچىدە ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەرنى ئۈزلۈكسىز ھەل قىلىش كېرەك؛ پارتىيە ئىچىدە ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئۈچۈن بولسا، پارتىيىنى قاتتىق باشقۇرۇش فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇش كېرەك. ”ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش“نىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى بىلەن، پارتىيىنى قاتتىق باشقۇرۇشتا چىڭ تۇرۇش ئۈچۈن تېخىمۇ يۇقىرى تەلەپ، تېخىمۇ قاتتىق ئۆلچەم ئوتتۇرىغا قويۇلدى. پارتىيىنى قاتتىق باشقۇرۇشتا چىڭ تۇرۇش ئۈچۈن، تۈزۈم جەھەتتىن ”ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش“نىڭ ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈشىگە كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. يېڭى تارىخىي شارائىتتا، ”ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش“ تەلىپىگە ئاساسەن پارتىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش ۋاقىتلىق تەدبىر ئەمەس، بەلكى بىر تۇرلۇك ئۇزاق مۇددەتلىك تارىخىي ۋەزىپە بولۇپ، ئۇنى پارتىيىمىز رەھبەرلىك قىلغان سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ پۈتكۈل جەريانىغا سىڭدۈرۈش لازىم. بۇنىڭ ئۈچۈن ”ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش“ تەلىپىنىڭ ھەقىقىي ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈشىگە كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدىغان پۈتۈن بىر يۈرۈش تۈزۈمدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، ھەمدە تۇرلۇك ۋاسىتىلەر بىلەن بۇ تۈزۈملەرنىڭ قاتتىق ئەمەل قىلىنىشىنى كاپالەتلەندۈرۈش، بۇ ئارقىلىق ”ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش“نىڭ رەھبەرنىڭ ئالمىشىشى بىلەن ئۆزگىرىپ كەتمەسلىكىگە، رەھبەرنىڭ كۆزقارىشى ۋە دىققەت-ئېتىبارىنىڭ ئۆزگىرىشى بىلەن ئۆزگىرىپ كەتمەسلىكىگە كاپالەتلىك قىلىپ، ”ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش“ تەلىپىنى پۈتۈن پارتىيىنىڭ ئاڭلىق ھەرىكىتىگە ئايلاندۇرۇش ھەمدە ئۇنى مەڭگۈ داۋاملاشتۇرۇپ، ئادەتكە ئايلاندۇرۇش لازىم.

**تەرجىمە قىلغۇچىلار: رىسالەت ئابلا**
**ئادالەت مۇھەممەت**
**مەسئۇل مۇھەررىر: ئەركىنجان**

www.uyghurkitap.com

# باشتىن-ئاخىر دەۋرنىڭ ئالدىدا مېڭىش

——جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى دۇنياغا كەلگەنلىكىنىڭ
79 يىللىقىنى خاتىرىلەش مۇناسىۋىتى بىلەن

**ژۇرنىلىمىز ئوبزورچىسى**

پۈتۈن پارتىيە يولداش جياڭ زېمىننىڭ "ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش" توغرىسىدىكى مۇھىم ئىدىيىسىنى ھەممە يېقىندا چاقىرىلغان مەركىزىي ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمەت يىغىنىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىۋاتقان ۋە قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇۋاتقان ۋاقىتتا، بىز جۇڭگو كومپارتىيىسى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 79 يىللىقىنى كۈتۈۋالدۇق. 79 يىلدىن بۇيان، پارتىيىمىز ئىنقىلاب، قۇرۇلۇش ۋە ئىسلاھاتنىڭ ھەرقايسى تارىخىي مەزگىللىرىدە، ھەمىشە جۇڭگونىڭ ئىلغار ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىيات تەلىپىگە، جۇڭگونىڭ ئىلغار مەدەنىيىتىنىڭ ئىلگىرىلەش يۆنىلىشىگە، جۇڭگودىكى ئەڭ كەڭ خەلقنىڭ تۈپ مەنپەئىتىگە ۋەكىللىك قىلىپ كەلدى، ھەممە توغرا لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلەرنى بېكىتىش ئارقىلىق دۆلەت ۋە خەلقنىڭ تۈپ مەنپەئىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىپ كەلدى. 79 يىللىق تارىخ شۇنى تولۇق ئىسپاتلىدىكى، پارتىيە پەقەت "ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش" تەلىپىدە چىڭ تۇرغاندىلا، ئاندىن ئۆزىنىڭ سىنىپىنىڭ ئاۋانگارت ئەترىتىلىك خاراكتېرىنى ھەقىقىي ساقلاپ قالالايدۇ، ئاندىن باشتىن-ئاخىر دەۋرنىڭ ئالدىدا ماڭالايدۇ.

ئەسىر ئالمىشىۋاتقان ۋاقىتتا، بىز دەل ئالدىنقىلارغا ۋارىسلىق قىلىپ، كېيىنكىلەرگە يول ئاچىدىغان، ئۆتكەن ئىشلارنى داۋاملاشتۇرۇپ، كېيىنكى ئىشلارغا ئاساس سالىدىغان مۇھىم تارىخىي پەيتتە تۇرۇۋاتىمىز. خەلقئارا ۋە ئىچكى ۋەزىيەتتە چوڭقۇر ھەم مۇرەككەپ ئۆزگىرىشلەر يۈز بەردى، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ھەم تېپىلغۇسىز تەرەققىيات پۇرسىتىگە، ھەم ئېغىر سىناققا دۇچ كەلمەكتە. بۈگۈنكى دۇنيادا، تىنچلىق بىلەن تەرەققىيات يەنىلا دەۋرنىڭ تېمىسى بولۇپ تۇرماقتا، پەن-تېخنىكا كۈندىن-كۈنگە يېڭىلىنىۋاتىدۇ، ئىقتىسادنىڭ دۇنياۋىلىشىش قەدىمى تېزلىشىۋاتىدۇ، دۇنيانىڭ كۆپ قۇتۇپلىشىش يۈزلىنىشى توسالغۇسىز ھالدا تەرەققىي قىلىۋاتىدۇ، ئىقتىسادىي كۈچ، پەن-تېخنىكا كۈچى، ھەربىي كۈچ، ئۇيۇشۇش كۈچىنى ئاساسىي مەزمۇن قىلغان ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچى رىقابىتى كۈنسېرى كەسكىنلىشىۋاتىدۇ. غەربنىڭ زومىگەرلىكى ۋە زوراۋانلىق سىياسىتى يېڭى تۈسكە كىردى، ئۇلارنىڭ دۆلىتىمىزگە قارىتا يۈرگۈزگەن "غەربچىلەشتۈرۈش"، "پارچىلاش" سىياسىي سۇيىقەستى ئۆزگەرمىدى ھەم ئۆزگىرىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس، جاھان يەنىلا تىنچ ئەمەس. دۆلىتىمىزنىڭ ئىچكى ئەھۋالىدىن قارىغاندا، 20 يىلدىن بۇيان، دۆلىتىمىزنىڭ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇش ئىشلىرىدا دۇنيانىڭ دىققەت-ئېتىبارىنى تارتقىدەك زور نەتىجىلەر

قولغا كەلتۈرۈلدى، پۈتۈن پارتىيە ۋە پۈتۈن مەملىكەت خەلقى پارتىيىنىڭ 15-قۇرۇلتىيىدا بېكىتىلگەن ئەسىر ھالقىپ تەرەققىي قىلىشتىن ئىبارەت ئىستراتېگىيىلىك ۋەزىپىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتىدۇ، ئومۇمىي ۋەزىيەت ياخشى. بىراق بىز شۇنى سەگەكلىك بىلەن كۆرۈشىمىز كېرەككى، ئىسلاھاتنىڭ چوڭقۇرلىشىشى ۋە سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، ئىقتىسادىي تەركىب، مەنپەئەت سۇبىيېكتى، ئىجتىمائىي تەشكىلات، ئىشقا ئورۇنلىشىش ئۇسۇلى ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئۇسۇلى بارغانسېرى كۆپ خىللىشىۋاتىدۇ. بۇ بىر تەرەپتىن دۆلىتىمىز ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ ئازادلىقى ۋە تەرەققىياتىنى، ئىقتىسادىي، سىياسىي، مەدەنىي ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك يۈكسىلىشىنى ئىنتايىن زور دەرىجىدە ئىلگىرى سۈردى؛ يەنە بىر تەرەپتىن بىزنىڭ ئىسلاھات ۋە تەرەققىياتىمىزنى جىددىي ھەل قىلىشقا تېگىشلىك خىلى كۆپ گەۋدىلىك زىددىيەت ۋە مەسىلىلەرگە يۈزلەندۈرۈپ، پارتىيىمىزنىڭ قۇرۇلۇشىغا يېڭى، تېخىمۇ يۇقىرى تەلەپ ۋە ئىلگىرى كۆرۈلۈپ باقمىغان نۇرغۇن يېڭى تېمىلارنى ئوتتۇرىغا قويدى. بىز يەنە شۇنى كۆرۈشىمىز كېرەككى، پارتىيىنىڭ ھەر دەرىجىلىك تەشكىلاتلىرى ۋە كادىرلار قوشۇنى گەرچە ئومۇمىي جەھەتتىن ياخشى بولسىمۇ، بىراق بەزى ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلار ئاجىز، چېچىلاڭغۇ بولۇش، بىر قىسىم پارتىيىلىك كادىرلارنىڭ ئىدىيىسى قاتمال بولۇش، ئېتىقادىدىن تەۋرەپ كېتىش، ئىستىلى ناتوغرا بولۇش، چۈشكۈنلىشىش، چىرىكلىشىش ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش مەسىلىلەرمۇ مەۋجۇت. بولۇپمۇ پارتىيىمىزنىڭ كادىرلار قوشۇنى يېڭى بىلەن كونا ئالمىشىۋاتقان مۇھىم مەزگىلدە تۇرۇۋاتىدۇ، سىياسىي جەھەتتە قەتئىي، ھەر خىل خېيىم-خەتەرگە تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارى بار، مۇرەككەپ ۋەزىيەتنى ئىگىلەشكە ماھىر بولغان زور بىر تۈركۈم مۇنەۋۋەر ياش كادىرلارنى يېتىشتۈرۈپ چىقىشقا مۇھتاج. شۇڭا، پۈتۈن پارتىيىنىڭ بولۇپمۇ پارتىيىنىڭ كادىرلار قوشۇنىنىڭ ساپاسىنى يەنىمۇ ئومۇمىيۈزلۈك يۇقىرى كۆتۈرۈش ئىنتايىن جىددىي بىر ۋەزىپە ھېسابلىنىدۇ. سىناق ۋە ئۈمىدكە تولغان 21-ئەسىردە، پارتىيىمىزنىڭ پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، مۇسابىقىنى كۈتۈۋېلىپ، سىناقلارغا بەرداشلىق بېرىپ، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا رەھبەرلىك قىلىش تارىخىي ۋەزىپىسىنى ئورۇنداپ، باشتىن-ئاخىر دەۋرنىڭ ئالدىدا مېڭىش-ماڭالماسلىقى، تۈپ جەھەتتىن ئېيتقاندا، ”ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش“ تەلىپىگە ئاساسەن پارتىيە قۇرۇلۇشىنى ئومۇمىيۈزلۈك كۈچەيتىپ، پارتىيىنىڭ رەھبەرلىك سەۋىيىسى ۋە ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش سەۋىيىسىنى ئۈزلۈكسىز يۇقىرى كۆتۈرۈشكە باغلىق.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى جۇڭگو ئىشچىلار سىنىپى تارىخ سەھنىسىگە چىققان، ماركسىزم بىلەن جۇڭگو ئىشچىلار ھەرىكىتى بىرلەشكەن دەۋر ئارقا كۆرۈنۈشىدە، جۇڭگو ئىلغار ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىيات تەلىپىگە ماسلىشىپ، ماركسىزمنىڭ يېتەكچىلىكىدە قۇرۇلغان. پارتىيىمىز دۇنياغا كەلگەن كۈنىدىن باشلاپ جاھانگىرلىككە قارشى، فېئودالىزمغا قارشى، بيۇروكرات كاپىتالىزمغا قارشى ئۇلۇغ بايراقنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، خەلققە رەھبەرلىك قىلىپ جاپالىق كۈرەش قىلىپ، جۇڭگونىڭ ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ۋە جەمئىيەتنىڭ ئىلگىرىلىشىگە ئېغىر توسالغۇلۇق قىلغان، جۇڭگودىكى ئەڭ كەڭ خەلقنىڭ تۈپ مەنپەئەتىگە ئېغىر دەخلى قىلغان ۋە تارتىۋالغان جاھانگىرلىك،

فېئودالىزم ۋە بيۇروكرات كاپىتالىزمدىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ تاغنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، يېڭى دېموكراتىك ئىنقىلابنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈپ، خەلق ئۆزىگە ئۆزى خوجا بولىدىغان يېڭى جۇڭگونى قۇردى. دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن كېيىن، پارتىيە جۇڭگو ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىيات تەلپىگە ۋە دەۋر تەرەققىياتىنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشىپ، خەلققە رەھبەرلىك قىلىپ يېڭى دېموكراتىزمدىن سوتسىيالىزمغا ئۆتۈشنى ئورۇنداپ، سوتسىيالىستىك تۈزۈمنى بەرپا قىلىپ، ئىقتىسادىي، سىياسىي ۋە مەدەنىيەت جەھەتلەردە كەڭ كۆلەملىك قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىپ، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشى ئۈچۈن پۇختا ئاساس سالدى. 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، پارتىيە خەلقئارا ۋە ئىچكى ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىيات، ئۆزگىرىشكە ئاساسەن، دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيانقى ئىجابىي ۋە سەلبىي تەجرىبە-لەرنى يەكۈنلەپ، پارتىيىنىڭ سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى ئاساسىي لۇشيەنىنى بېكىتىپ، پۈتۈن پارتىيە ۋە پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنى باشلاپ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇ-رۇش قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىپ، دۇنيانىڭ دىققەت-ئېتىبارىنى تارتقىدەك ئۇلۇغ نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. 79 يىللىق تارىخنى ئەسلىگەندە شۇنى ھېس قىلدۇقكى، پارتىيىمىزنىڭ ئىنتايىن جاپالىق، قىيىن شارائىتتا كىچىكلىكتىن چوڭىيىپ، ئاجىزلىقتىن كۈچىيىپ، ئۆزلۈكسىز تەرەققىي قىلىپ زورىيىشى، ھەر خىل سىناقلار-دىن ئۆتۈپ، خەلقنى باشلاپ ئىنقىلاب، قۇرۇلۇش ۋە ئىسلاھاتتا ئارقا-ئارقىدىن ئۇلۇغ غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، باشتىن-ئاخىر كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ھىمايە قىلىشى ۋە قوللىشىغا ئېرىشىپ كېلىشىدىكى تۈپ سەۋەب ئۇنىڭ "ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش"تا چىڭ تۇرغانلىقى ۋە ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرغانلىقىدا. پارتىيە ئىلگىرى بەزى ئوڭۇشسىزلىقلارغا ئۇچرىغان، ئەگرى يوللاردا ماڭغان، بۇنىڭدىكى تۈپ ساۋاقمۇ "ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش" تەلپىدىن چەتلەپ كەتكەنلىكى ياكى ئۇنى تولۇق ئورۇندىيالمىغانلىقىدا. بىز "ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش"نىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنى ۋە ئۇنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتىنى چوڭقۇر ئۆزلەشتۈرۈپ، جۇڭگو ۋە دۇنيا تەرەققىياتىنىڭ يېڭى ئۆزگىرىشى، يېڭى ئالاھىدىلىكى، يېڭى يۈزلىنىشى بىلەن بىرلەشتۈرگەن ھالدا يېڭى ئەسىردە قانداق پارتىيە قۇرۇش، پارتىيىنى قانداق قۇرۇش مەسىلىسىنى چوڭقۇر ئويلىنىشىمىز، پارتىيە قۇرۇلۇشى يولۇققان يېڭى مەسىلىلەر ئۈستىدە ئەستايىدىل ئىزدىنىشىمىز ۋە بۇنىڭغا جاۋاب بېرىشىمىز، "ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش" تەلپىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، پارتىيە قۇرۇلۇشىدىكى يېڭى ئۇلۇغ قۇرۇلۇشنى ئۆزلۈكسىز ئىلگىرى سۈرۈشىمىز كېرەك، بۇنىڭ بىلەن پارتىيە جۇشقۇن ھاياتىي كۈچىنى مەڭگۈ ساقلاپ، باشتىن-ئاخىر دەۋرنىڭ ئالدىدا مېڭىپ، خەلقنى باشلاپ ئۆزلۈكسىز ئالغا ئىلگىرىلەيدىغان بولسۇن.

"ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش"تا چىڭ تۇرۇش ۋە ياخشى ۋەكىللىك قىلىشتا، پارتىيىنىڭ نەزەرىيىۋى لۇشيەنىنى، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى قەتئىي، توغرا ھالدا ئىجرا قىلىش كېرەك. پارتىيىنىڭ سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى ئاساسىي لۇشيەنى، ئاساسىي پروگراممىسى ۋە بىر قاتار فاڭجېن، سىياسەتلىرى "ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش" تەلپىنى ئەكس ئەتتۈردى. "ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش"تا بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدىغىنى ئىلغار ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىيات تەلپىگە ۋەكىللىك قىلىش، پارتىيە-نىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنىڭ ئەڭ مۇھىم مەزمۇنى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىش. بۇ سوتسىيالىستىك

جەمئىيەتنىڭ تۈپ ۋەزىپىسى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىكەنلىكىنى تولۇق ئىپادىلەپ بېرىدۇ. پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىدە تەكىتلەنگەن ”ئىككى ئاساسىي نۇقتا“ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىشتا چىڭ تۇرۇش، تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش؛ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش يولىنى تۇتقاندىلا، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلغىلى ۋە تەرەققىي قىلدۇرغىلى بولىدۇ، تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرغاندىلا، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىشنى توغرا يۆنىلىشكە ئىگە قىلغىلى بولىدۇ. ”بىر مەركەز، ئىككى ئاساسىي نۇقتا“ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ئىلغار ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىيات تەلىپىنىڭ، ئىلغار مەدەنىيەتنىڭ ئىلگىرىلەش يۆنىلىشىنىڭ، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ تۈپ مەنپەئەتىنىڭ سادىق ۋەكىلى ئىكەنلىكىنى تولۇق ئىپادىلەيدۇ. پارتىيىنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك ئىقتىساد، سىياسەت، مەدەنىيەت بەرپا قىلىش توغرىسىدىكى ئاساسىي پروگراممىسى ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ ئومۇمىي يۈزلىنىشىنى ئىلمىي ئىگىلەش ئاساسىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولۇپ، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنىڭ ئىقتىساد، سىياسەت، مەدەنىيەت قاتارلىق جەھەتلەردىن كېڭەيتىلىشى، ئۇنىڭدا ”ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش“نىڭ روھى مەركەزلەشتۈرۈپ ئىپادىلەنگەن. پارتىيىنىڭ بىر قاتار فاڭجېن، سىياسەتلىرىمۇ ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ ئوبيېكتىپ قانۇنىيىتىگە ئەمەل قىلىش، دەۋر تەرەققىياتىنىڭ ئىلغار ئېقىمىغا ماسلىشىش، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئومۇمىي مەنپەئەتىنى قوغداش، خەلق ئاممىسىنىڭ تۈپ تەلىپىگە بويسۇنۇش ئاساسىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان. ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلەر پۈتۈنلەي توغرا، ئۇنى قەتئىي تەۋرەنمەي ئىزچىل ئىجرا قىلىش كېرەك. بىز باشتىن-ئاخىر ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىقنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىشتا چىڭ تۇرۇشىمىز، ”تەرەققىيات چىڭ قائىدە“ دېگەن قاراشتا چىڭ تۇرۇشىمىز، ھازىرقى باسقۇچتىكى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى تەرەققىياتىدا ئەكس ئەتكەن يېڭى ئەھۋالغا، ئوتتۇرىغا قويۇلغان يېڭى تەلەپكە يېقىندىن نەزەر سېلىپ، قەتئىي تەۋرەنمەي ئىسلاھاتنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا ماس كەلمەيدىغان ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرىنىڭ مەلۇم ھالقىلىرىنى ئىسلاھ قىلىپ، ئۈستقۇرۇلمىنىڭ مەلۇم قىسىملىرىنى تەڭشەپ، مۇقىملىق ئىچىدە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشىمىز، تەرەققىياتنى قولغا كەلتۈرۈشىمىز كېرەك. باشتىن-ئاخىر ”ئىككى قولدا تۇتۇش، ئىككىلا قولدا چىڭ بولۇش“ فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنى تېخىمۇ كۈچەيتىپ، ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمەتنى زور كۈچ بىلەن كۈچەيتىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك مەدەنىيەتنى ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلدۇرۇشىمىز كېرەك. باشتىن-ئاخىر خەلقنىڭ مەنپەئەتىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇپ، پارتىيىنىڭ فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىقتىساد، سىياسەت، مەدەنىيەت جەھەتتە ۋە پارتىيە قۇرۇلۇشىدا ساقلانغان خەلقنىڭ مەنپەئەتىگە ئۇيغۇن بولمىغان ھەتتا بۇنىڭغا خىلاپ بولغان مەسىلىلەرنى چىڭ تۇتۇپ ھەل قىلىپ، تىرىشىپ خەلق مەنپەئەتىنى ياخشى ئەمەلگە ئاشۇرۇشىمىز، ياخشى تەرەققىي قىلدۇرۇشىمىز، ياخشى قوغدىشىمىز كېرەك.

”ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش“تا چىڭ تۇرۇش ۋە ياخشى ۋەكىللىك قىلىشتا، كۆتۈرەڭگۈ روھىي ھالەتتە تۇرۇپ، ئىجادىي ھالدا خىزمەتنى قانات يايدۇرۇش كېرەك. ھەر بىر پارتىيە تەشكىلاتى، بارلىق پارتىيە

ئەزاسى، بولۇپمۇ پارتىيىنىڭ ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلىرى ”ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش“ تەلىپىگە ئاساسەن، ئاۋانگارتلىق، نەمۇنىلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشى، يۇقىرى قىزغىنلىق، تولۇپ-تاشقان كۆرەش ئىرادىسى، ئىلمىي پوزىتسىيە بىلەن مەركەزنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ئۆز رايونى، ئۆز تارمىقىنىڭ ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، باتۇرلۇق بىلەن ئىزدىنىشى، يۈرەكلىك ھالدا ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈشى، ۋاقتىدا تەجرىبىلەرنى يەكۈنلىشى، ئۈزلۈكسىز يول ئېچىپ يېڭىلىق يارىتىشى كېرەك. پارتىيىنىڭ نەزەرىيىۋى لۇشيەنى ۋە فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ئىزچىللاشتۇرغان ۋاقىتتا، ھەر خىل ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىش داۋامىدا، ”ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش“ تەلىپىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ئېسىدە چىڭ تۇتۇپ، قوللانغان تەدبىر، قىلغان خىزمەت ”ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش“ تەلىپىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان-كەلمەيدىغانلىقىغا قارىشى، ئۇيغۇن كېلىدىغانلىرىدا قەتئىي تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇشى، تولۇق ئۇيغۇن كەلمەي تەڭشەشكە، تولۇقلاشقا توغرا كەلگەنلىرىنى ئاكتىپ تەڭشىشى، تولۇقلىشى، ئۇيغۇن كەلمەيدىغانلىرىنى ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدىگەن ھالدا باتۇرلۇق بىلەن تۈزىتىشى كېرەك. ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار مەسىلىلەرنى بايقاپ، چوڭقۇر تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، قانۇنىيەتلىك نەرسىلەرنى تېپىپ چىقىشقا ۋە شۇنىڭ بىلەن خىزمەتكە يېتەكچىلىك قىلىشقا ماھىر بولۇشى، ئىچكى-تاشقى ۋەزىيەتنىڭ ئۆزگىرىشىگە، دۆلىتىمىز ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ ئەڭ يېڭى تەرەققىياتى ۋە ئىقتىسادىي تۈزۈلمىدە چوڭقۇر ئۆزگىرىش بولغانلىق ئەمەلىيىتىگە، خەلق ئاممىسىنىڭ ماددىي، مەدەنىي تۇرمۇشقا قارىتا ئوتتۇرىغا قويغان يېڭى تەرەققىيات تەلىپىگە، پارتىيىلىك كادىرلار قوشۇنىدا يۈز بەرگەن يېڭى ئەھۋالغا، يېڭى ئۆزگىرىشكە زىچ بىرلەشتۈرۈپ، پارتىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشتە تەتقىق قىلىپ ھەل قىلىشقا تېگىشلىك مۇھىم نەزەرىيىۋى مەسىلە ۋە مۇھىم رېئال مەسىلىلەرنى چىڭ تۇتۇپ، چوڭقۇر تەپەككۇر يۈرگۈزۈپ ۋە تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، تىرىشىپ نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەتنى بىرلەشتۈرگەن ھالدا مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنىڭ توغرا يولىنى ئىزدەپ تېپىشى كېرەك.

”ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش“تا چىڭ تۇرۇش ۋە ياخشى ۋەكىللىك قىلىشتا، پارتىيە پارتىيىنى باشقۇرۇش، پارتىيىنى قاتتىق باشقۇرۇش فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇش كېرەك. پارتىيە ئىستىلى-پاكلىق قۇرۇلۇشى ۋە چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشى پارتىيىنىڭ ھايات-ماماتىغا مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، بۇنىڭغا ھەرقانداق ۋاقىتتا سەل قاراشقا بولمايدۇ، بۇنى قەتئىي بوشاشماي چىڭ تۇتۇش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار پارتىيە پارتىيىنى باشقۇرۇش فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، ”ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش“ تەلىپىنى پارتىيىنىڭ ھەر تۈرلۈك خىزمەتلىرىگىچە ئىزچىللاشتۇرۇشى، ئەمەلىيلەشتۈرۈشى كېرەك. پارتىيىنىڭ ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرى پارتىيىنىڭ بارلىق خىزمىتى ۋە جەڭگىۋار كۈچىنىڭ ئاساسى. پارتىيىنىڭ ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلار قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش خىزمىتىنى بىردەممۇ بوشاشتۇرۇشقا بولمايدۇ، بەزى ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلارنىڭ ئاجىز، چېچىلاڭغۇ بولۇش، ئۇيۇشۇش كۈچى ۋە جەڭگىۋار كۈچى كەمچىل بولۇش ھالىتىنى ھەقىقىي ئۆزگەرتىش كېرەك. مەركەزنىڭ مۇناسىۋەتلىك تەلىپىگە ئاساسەن، پارتىيىلىك كادىرلارغا بولۇپمۇ رەھبىرىي كادىرلارغا قاتتىق تەلەپ قويۇش، قاتتىق باشقۇرۇش، قاتتىق نازارەت قىلىش، تىرىشىپ يۇقىرى ساپالىق

كادىرلار قوشۇنى قۇرۇپ چىقىش كېرەك. پارتىيىمىز ئۇزاق مەزگىللىك ئەمەلىيەت جەريانىدا مول، ئۈنۈملۈك پارتىيە باشقۇرۇش تەجرىبىسى توپلىدى، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئېلىپ بېرىلغاندىن بۇيان بولۇپمۇ يېقىنقى يىللاردا قانات يايدۇرۇلغان "ئۈچنى تەكىتلەش" تەربىيىسى داۋامىدا يەنە نۇرغۇن يېڭى تەجرىبىلەرنى ياراتتى. مۇشۇ تەجرىبىلەرنى ئەستايىدىل خۇلاسىلەپ، ئۈزلۈكسىز ئىزدىنىپ، بىر يۈرۈش ھەقىقىي ئۈنۈم بېرىدىغان نازارەتچىلىك تۈزۈمى ۋە مېخانىزمىنى بەرپا قىلىش كېرەك. پۈتۈن پارتىيە بولۇپمۇ ھەر دەرىجىلىك رەھبىري كادىرلار "ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش" تەلىپى بويىچە پارتىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ئاڭلىق ھالدا پارتىيىنى قاتتىق باشقۇرۇش تۈزۈمى ۋە مېخانىزمىدا چىڭ تۇرىدىغان ۋە ئۇنى قوغدايدىغانلا بولسا، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا پارتىيىنىڭ ئىدىيىۋى-سىياسىي قۇرۇلۇشىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىدىغانلا بولسا، پارتىيىمىز چوقۇم تېخىمۇ كۈچلۈك، تېخىمۇ كۆتۈرەڭگۈ روھلۇق بولۇپ، باشتىن-ئاخىر دەۋرنىڭ ئالدىدا مېڭىپ، خەلقنى باشلاپ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ يېڭى غەلىبىسىنى ئۈزلۈكسىز قولغا كەلتۈرەلەيدۇ.

**تەرجىمە قىلغۇچى: قاھار پولات**
**مەسئۇل مۇھەررىر: ئەركىنجان**

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

# مۇنەۋۋەر ياش كادىرلارنى تەربىيىلەش، تاللاپ ئۆستۈرۈش ئىشىنى چىڭ تۇتۇش كېرەك

**ژۇرنىلىمىز ئوبزورچىسى**

يولداش جياڭ زېمىن جياڭسۇ، جېجياڭ، شاڭخەيدە خىزمەتلەرنى كۆزدىن كەچۈرگەندە مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: پارتىيىمىزنىڭ ”ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش“نى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ ھالقىسى يېڭى ۋەزىيەت، يېڭى ۋەزىپىنىڭ تەلىپىگە ماسلىشالايدىغان يۇقىرى ساپالىق كادىرلار قوشۇنى قۇرۇشتا، بولۇپمۇ ئەسىر ھالقىپ مۇھىم ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالالايدىغان بىر تۈركۈم ئىز باسارلارنى تاللاپ ئۆستۈرۈشتە. بۇ ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورۇنلىرىدىن مۇنەۋۋەر ياش كادىرلارنى تەربىيىلەش، تاللاپ ئۆستۈرۈش ئىشىنى مۇھىم ئىشلار كۈنتەرتىپىگە كۆتۈرۈشنى تەلەپ قىلىدۇ.

ئەسىر ھالقىپ مۇھىم ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالالايدىغان، ”ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش“ تەلىپىدە باشتىن-ئاخىر چىڭ تۇرالايدىغان زور بىر تۈركۈم ئىختىساسلىق رەھبەرلەرنى يېتىشتۈرۈپ چىقىشنى چىڭ تۇتۇش پارتىيىمىزنىڭ يېڭى ۋەزىيەتكە ماسلىشىپ، يېڭى سىناقنى كۆتۈۋېلىپ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى ئومۇميۈزلۈك ئالغا سىلجىتىشنىڭ مۇقەررەر تەلىپى. ئەسىر ئالمىشىۋاتقان، مىڭ يىل ئالمىشىۋاتقان ۋاقىتتا، خەلقئارا ۋە ئىچكى ۋەزىيەتتە مىسلى كۆرۈلمىگەن چوڭقۇر ئۆزگىرىشلەر يۈز بەرمەكتە، پارتىيىمىز جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشقا رەھبەرلىك قىلىش جەريانىدا، نۇرغۇن تېپىلغۇسىز تارىخىي پۇرسەتكە يۈزلەنمەكتە، شۇنداقلا ئېغىر سىناققىمۇ يۈزلەنمەكتە. پارتىيىمىزنىڭ ئەسىر ھالقىغان سەپەردە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى ئوڭۇشلۇق ئىلگىرى سۈرۈپ، ھەر خىل قىيىنچىلىق ۋە خەتەرلەرنىڭ سىنىقىغا بەرداشلىق بېرىپ، دۆلەتنى تەرەققىي تاپقۇزۇش، مىللەتنى گۈللەندۈرۈش يولىدا يېڭى سەھىپە يېزىپ قالدۇرۇشى، مۇھىمى، ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك بەنزىسى ۋە رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ساپاسى ۋە ئىقتىدارىغا باغلىق، تېگى-تەكتىدىن ئالغاندا، ئەۋلادمۇئەۋلاد ياش كادىرلارنىڭ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشىگە باغلىق. ”ئىشلىرىمىزنىڭ روناق تېپىش-تاپماسلىقى ياش ئەۋلادلارغا باغلىق“، ئىشەنچلىك ئىز باسارلارنى يېتىشتۈرۈپ چىقىش-چىقالماسلىق بىر پارتىيىنىڭ پىشىپ يېتىلگەن-يېتىلمىگەنلىكىنى ۋە ئىشلىرىنىڭ روناق تاپالايدىغان-تاپالمايدىغانلىقىنى ئۆلچەيدىغان مۇھىم بەلگە.

رەھبەرلىك بەنزىسى ۋە كادىرلار قوشۇنى قۇرۇلۇشىغا ئەھمىيەت بېرىش، كادىرلار قوشۇنىدىكى يېڭى

كادىرلار بىلەن كونا كادىرلارنىڭ ئالمىششى ۋە ھەمكارلىششىغا ئەھمىيەت بېرىش پارتىيىمىزنىڭ ياخشى ئەنئەنىسى. پارتىيىنىڭ ئۈچ ئەۋلاد مەركىزىي كومىتېت رەھبەرلىك يادروسىنىڭ ئۆچلىسى كادىرلارنى تەربىيىلەش ۋە تاللاپ ئۆستۈرۈشكە ناھايىتى ئەھمىيەت بەردى. يولداش ماۋ زېدۇڭ 60-يىللاردىلا پرولېتارىيات ئىنقىلابىي ئىشلىرىنىڭ مىليونلىغان ئىز باسارلىرىنى تەربىيىلەش مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇش يېڭى تارىخىي باسقۇچىغا كىرگەندىن كېيىن، يولداش دېڭ شياۋپىڭ، توغرا سىياسىي لۇشيەننى توغرا تەشكىلىي لۇشيەن ئارقىلىق كاپالەتكە ئىگە قىلىش لازىم، دەپ قايتا-قايتا تەكىتلىدى، ھەمدە دەل ۋاقتىدا كادىرلارنى ئىنقىلابىيلاشتۇرۇش، ياشارتىش، زىيالىيلاشتۇرۇش، ئىختىساسلاشتۇرۇش فاڭجېنىنى ئوتتۇرىغا قويدى. 1992-يىلى يولداش دېڭ شياۋپىڭ تەكىتلەپ مۇنداق دېدى: ”جۇڭگودا مەسىلە چىقسا، يەنىلا كومپارتىيىنىڭ ئىچىدىن چىقىدۇ. بۇ مەسىلىدە سەگەك بولۇشىمىز كېرەك، ئادەم تەربىيىلەشكە ئەھمىيەت بېرىپ، ’ئىنقىلابىيلاشتۇرۇش، ياشارتىش، زىيالىيلاشتۇرۇش ۋە ئىختىساسلاشتۇرۇش‘ ئۆلچىمى بويىچە، ھەم ئەخلاقلىق، ھەم قابىلىيەتلىك كىشىلەرنى تاللاپ بەنزىگە كىرگۈزۈش كېرەك. پارتىيىمىزنىڭ ئاساسىي لۇشيەنى يۈز يىلغىچە دەۋر سۈرىدۇ، ئەبەدىي ئامانلىقىمىزغا كاپالەتلىك قىلىشتا شۇنىڭغا تايىنىمىز. ئومۇمىيەتكە ھەقىقىي تەسىر كۆرسىتىدىغان ئىش شۇ.“ پارتىيىنىڭ 13-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 4-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، بولۇپمۇ پارتىيىنىڭ 14-قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، يولداش جياڭ زېمىن يۇقىرى ساپالىق كادىرلار قوشۇنى قۇرۇشقا تېخىمۇ ئەھمىيەت بېرىپ، ياش كادىرلارنى تەربىيىلەش، تاللاپ ئۆستۈرۈشنىڭ مۇھىملىقىنى ۋە جىددىيلىكىنى ئالاھىدە تەكىتلىدى. يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ”ئۆچىنى تەكىتلەش“ تەربىيىسى ئېلىپ بېرىشقا رەھبەرلىك قىلدى، ھەمدە يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا يۇقىرى ساپالىق رەھبىرىي كادىرلارنىڭ سىياسىي، كەسپىي ساپاسىغا بولغان ئاساسىي تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويدى، پارتىيىنىڭ كادىرلار قوشۇنىنى تەربىيىلەش ۋە تاللاپ ئۆستۈرۈش خىزمىتىنىڭ يولى ۋە ئۇسۇلىنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويدى، مۇنەۋۋەر ياش كادىرلارنى تەربىيىلەش ۋە تاللاپ ئۆستۈرۈشنى كادىرلار قوشۇنى قۇرۇلۇشىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئۇلۇغ ئىشلىرىنى داۋاملاشتۇرۇشنىڭ تۈپ كاپالىتى قىلدى. يېقىندا ج ك پ مەركىزىي كومىتېت تەشكىلات بۆلۈمى مەملىكەتلىك ياش كادىرلارنى تەربىيىلەش، تاللاپ ئۆستۈرۈش خىزمىتى سۆھبەت يىغىنى چاقىردى. خۇ جىنتاۋ ۋە زېڭ چىڭخۇڭ قاتارلىق مەركەزدىكى رەھبىرىي يولداشلار ياش كادىرلارنى تەربىيىلەش ۋە تاللاپ ئۆستۈرۈش خىزمىتى ھەققىدە يېڭى تەلەپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ مەسىلىدە، خىزمەتنى بالدۇر، چىڭ، پۇختا، ياخشى تۇتمىساق، مۇقەررەر ھالدا ئېغىر ئاقىۋەتلەر كېلىپ چىقىدۇ، پارتىيىنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئورنى ۋە سوتسىيالىستىك تۈزۈم مۇستەھكەملىنەلمەيدۇ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئۇنداقتا بىز تارىخىي خاراكتېرلىك خاتالىق ئۆتكۈزىمىز.

ھازىر، پارتىيىمىز يەنە ئومۇمىي جەھەتتىن يېڭىلار بىلەن كونىلار ئالمىشىۋاتقان مۇھىم مەزگىلدە تۇرۇۋاتىدۇ. پارتىيىنىڭ 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، پارتىيىمىز كادىرلار قوشۇنى قۇرۇلۇشى كۈچەيتىش يۈزىسىدىن بىر قاتار زور تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، يېڭى كادىرلار بىلەن كونا كادىرلارنىڭ ھەمكارلىقىنى ۋە ئالمىشىشىنى ئوڭۇشلۇق ئەمەلگە ئاشۇردى، بۇنىڭ بىلەن زور بىر تۈركۈم ئوتتۇرا ياشلىق، ياش كادىرلار ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك ئورنىغا چىقتى. بولۇپمۇ پارتىيىنىڭ 14-قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ كادىرلار قوشۇنىنى ”تۆتلەشتۈرۈش“ فاڭجېنىنى داۋاملىق ئىزچىللاشتۇرۇشى بىلەن، پۈتكۈل كادىرلار قوشۇنى ۋە ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك بەنزىلىرىنىڭ ياش قۇرۇلمىسى، بىلىم قۇرۇلمىسى ۋە ئومۇمىي ساپاسىدا روشەن ياخشىلىنىش ۋە يۈكسىلىشلەر بولدى، ھەمدە بەزى قىممەتلىك تەجرىبىلەر توپلاندى. پارتىيىنىڭ تەربىيىسىدە، زور بىر تۈركۈم مۇنەۋۋەر ياش كادىرلار ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى جەريانىدا چېنىقىپ، ئۆسۈپ يېتىلىپ، پارتىيىمىز كادىرلار قوشۇنىنىڭ ھاياتىي كۈچىگە ئايلاندى. بىراق شۇنىمۇ كۆرۈۋېلىشىمىز كېرەككى، مۇشۇ يىللاردىن بېرى، ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشى ۋە ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، بىزنىڭ كادىرلار قوشۇنىمىزنىڭ ساپاسى ۋە قۇرۇلمىسىدا يەنە يېڭىدىن ماسلىشالماسلىق پەيدا بولدى. بۇنىڭ ئاساسلىق ئىپادىسى تۆۋەندىكىچە: بىرىنچى، خېلى بىر قىسىم رەھبەرلىك بەنزىلىرىدە ئەقىلگە مۇۋاپىق بولغان پەلەمپەيسىمان ياش قۇرۇلمىسى شەكىللەنمىدى، ياش كادىرلار نىسبەتەن ئاز، بىرىنچى باشلىقلىق ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالغان ياش كادىرلار تېخىمۇ ئاز. ئىككىنچى، ھەر دەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت رەھبەرلىك بەنزىلىرى، بولۇپمۇ ناھىيە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى ھەر دەرىجىلىك بەنزىلەردىن بىلىم ۋە كەسپ قۇرۇلمىسى نامۇۋاپىق بولغانلىرى ئاز ئەمەس، ماركسىزملىق نەزەرىيىنى سىستېمىلىق ئىگىلىگەن ۋە ئىدېئولوگىيە خىزمىتىگە پىششىق كادىرلار كەمچىل، زامانىۋى ئىقتىساد باشقۇرۇش، پۇل مۇئامىلىسى، تاشقىي ئىقتىساد-سودا ۋە قانۇننى پىششىق بىلىدىغان كادىرلار كەمچىل. ئۈچىنچى، يېڭى ئىچكى-تاشقى مۇھىت ۋە جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشتەك پۈتۈنلەي يېڭى ئىش ئالدىدا، خېلى بىر قىسىم رەھبىرىي كادىرلار بولۇپمۇ خېلى كۆپ ياش كادىرلارنىڭ ئىدىيىۋى-سىياسىي ساپاسى ۋەزىيەت ۋە ۋەزىپىنىڭ تەلىپىگە ماسلىشالمايۋاتىدۇ ياكى دېگەندەك ماسلىشالمايۋاتىدۇ، ئۇلاردا بولۇپمۇ ئومۇمىي ۋەزىيەتنى كونترول قىلىش ۋە مۇرەككەپ زىددىيەتلەرنى بىر تەرەپ قىلىش ئىقتىدارى كەمچىل. يەنە ئاز ساندىكى ياش كادىرلار ئۆزىگە بولغان تەلەپنى بوشاشتۇرۇپ قويغانلىقتىن، توغرا بولغان دۇنياقاراش، كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى، قىممەت قارىشى تىكلىيەلمىدى، ھوقۇق، پۇل، سەتەڭلەرنىڭ سىنىقىغا بەرداشلىق بېرەلمىدى، بەزىلىرى ھەتتا جىنايەت يولىغا مېڭىپ، ئۆزىنىڭ ئابرويى

ۋە شەننى يوقاتتى، پارتىيىنىڭ ئوبرازىنىمۇ قارا تەگكۈزدى، ناھايىتى ناچار تەسىر پەيدا قىلدى. يۇقىرىقى مەسىلىلەر بۇرۇنراق، تېزرەك ھەل قىلىنمىسا، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ ئەبەدىي ئامانلىقىغا بىۋاستە تەسىر يەتكۈزىدۇ. شۇڭا، كادىرلار قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، بولۇپمۇ مۇنەۋۋەر ياش كادىرلارنى زور كۈچ بىلەن تەربىيىلەش ۋە تاللاپ ئۆستۈرۈش پۈتۈن پارتىيىنىڭ ئالدىغا قويۇلغان، بىر دەممۇ كېچىكتۈرۈشكە بولمايدىغان مۇھىم ۋەزىپىگە ئايلاندى.

مۇنەۋۋەر ياش كادىرلارنى تەربىيىلەش ۋە تاللاپ ئۆستۈرۈش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشتە چوقۇم ھەم ئەخلاقلىق ھەم قابىلىيەتلىك بولۇش پرىنسىپى ۋە كادىرلارنى ”تۆتلەشتۈرۈش“ فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيىنىڭ كادىرلار لۇشيەنى ۋە سىياستىنى ئومۇميۈزلۈك توغرا ئىجرا قىلىپ، ئۆلچەمگە ئاساسەن ياش كادىرلارنى تاللاپ ئۆستۈرۈش كېرەك. تەشكىلىي لۇشيەن سىياسىي لۇشيەن ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. ئەمەلىي خىزمەتتە، قانداق ئادەملەرنى تاللاپ ئىشلىتىش ۋە ئادەمنى قانداق تاللاش، قانداق ئىشلىتىش پارتىيىنىڭ سىياسىي لۇشيەنىنىڭ ئىزچىل ئىجرا قىلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىشتا ھەل قىلغۇچ ئەھمىيەتكە ئىگە. پارتىيىمىز ئۇزۇندىن بۇيان شەكىللەندۈرگەن ھەم ئەخلاقلىق ھەم قابىلىيەتلىك بولۇش پرىنسىپى ۋە يېڭى دەۋردىكى كادىرلارنى ”تۆتلەشتۈرۈش“ فاڭجېنى—پارتىيىمىزنىڭ ئادەم تاللاش، ئادەم ئىشلىتىشتىكى تۈپ تەلىپى ۋە ئۆلچىمى. يولداش جياڭ زېمىن يېڭى ۋەزىيەت تەرەققىياتىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، دەۋر يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا پارتىيىنىڭ كادىرلىرى ئالدى بىلەن رەھبىرىي كادىرلىرى-نىڭ ھازىرلاشقا تېگىشلىك سىياسىي، كەسپىي ساپاسى ھەققىدە ”بەش تۈرلۈك تەلەپ“نى ئوتتۇرىغا قويدى. مۇشۇلارنىڭ ھەممىسى بىز ياش كادىرلارنى تەربىيىلەش ۋە تاللاپ ئۆستۈرۈشتە چىڭ تۇرۇشقا تېگىشلىك ئۆلچەم ۋە تەلەپ. كادىرلارنىڭ ياش بولۇشى، كەسپىي بىلىمى بولۇشىلا كۇپايە قىلمايدۇ، يەنە ياخشى ئىستىلىمۇ بولۇشى كېرەك. ئەخلاق بىلەن قابىلىيەتنىڭ ئىچكى مەزمۇنى ۋە دەۋر تەلىپىنى توغرا ئىگىلەش كېرەك. بىز دەۋاتقان ئەخلاق ھەم سىياسىي يۆنىلىش، سىياسىي مەيدان جەھەتتىكى ئىپادىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ھەم ئىدىيە، ئەخلاق جەھەتتىكى ئەھۋالنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بىز دەۋاتقان قابىلىيەت نەزەرىيىۋى ساپا، كەسپىي بىلىم ۋە خىزمەت ئىقتىدارىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، بىراق ئاساسلىقى رەھبەرلىك خىزمىتىدە كەم بولسا بولمايدىغان سىياسىي ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارى، قارار چىقىرىش، قوماندانلىق قىلىش ئىقتىدارى، تەشكىللەش، رەھبەرلىك قىلىش ئىقتىدارىنى كۆرسىتىدۇ، ئاددىي ھالدا دىپلومنى، ئوقۇش تارىخىنى بىزنىڭ ئىشلىرىمىز ئېھتىياجلىق بولغان ۋە رەھبىرىي كادىرلار ھازىرلاشقا تېگىشلىك بولغان ئىقتىدار بىلەن تەڭ ئورۇنغا قويۇشقا بولمايدۇ. ياش كادىرلارنىڭ ئەخلاق ۋە قابىلىيىتىنى تەكشۈرۈش، ياش كادىرلارنى تاللاپ ئۆستۈرۈشتە ئەمەلىي نەتىجىسىگە، ئاممىنىڭ باھاسىغا قاراش كېرەك، بولۇپمۇ ھالقىلىق پەيتلەردىكى ئىپادىسى-

گە، چوڭ سىياسىي بوران-چاپقۇنلارنىڭ سىنىقىغا بەرداشلىق بېرەلەيدىغان-بېرەلمەيدىغانلىقىغا، ئاتاق، مەنپەئەت، ھوقۇق، ساھىبجامالنىڭ سىنىقىغا بەرداشلىق بېرەلەيدىغان-بېرەلمەيدىغانلىقىغا، پارتىيە ۋە خەلقنىڭ مەنپەئىتىنى ھەممىدىن ئۈستۈن، ھەممىدىن مۇھىم ئورۇنغا قويالايدىغان-قويالمايدىغانلىقىغا قاراش كېرەك.

مۇنەۋۋەر ياش كادىرلارنى تەربىيىلەش ۋە تاللاپ ئۆستۈرۈش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشتە، ئىدىيىدە يەنىمۇ ئازاد بولۇپ، ئادەم ئىشلىتىش كۆزقارىشىنى يېڭىلاپ، ئادەم ئىشلىتىش يوللىرىنى كېڭەيتىپ، ھەر خىل يوللار بىلەن ئىختىساسلىقلارنى تاللاش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى ھەر تۈرلۈك ئىختىساسلىقلارنى تەربىيىلەش، ئىشلىتىشنى پارتىيە ۋە خەلقنىڭ ئىشلىرىنىڭ گۈللىنىشى، تەرەققىي قىلىشىغا مۇناسىۋەتلىك چوڭ ئىش قاتارىدا كۆرۈپ، ھەقىقىي ئەمەلىيلەشتۈرۈشى كېرەك. يولداش دېڭ شياۋپىڭ 80-يىللاردىلا ”ئەخلاقلىقلارنى، قابىلىيەتلىكلەرنى تاللاپ ئىشقا قويۇشمۇ ئىنقىلاب“ دەپ كۆرسەتكەن. بۇ ”ئىنقىلاب“نى ياخشى قىلىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ئىدىيىدە ئازاد بولۇش، كۆزقاراشنى يېڭىلاش جەھەتتە يېڭى بۆسۈشنى ھاسىل قىلىش، مۇنەۋۋەر ياش كادىرلارنى پەرقلەندۈرۈش ۋە ئىشلىتىشكە توسقۇنلۇق قىلىدىغان ھەر خىل كونا كۆزقاراشلار ۋە بىر تەرەپلىمە كۆزقاراشلارنى قەتئىي تاشلاپ، يېڭى ۋەزىيەت، يېڭى ۋەزىپىنىڭ تەلىپىگە ۋە پارتىيىنىڭ كادىرلار لۇشيەنىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان ئادەم ئىشلىتىش كۆزقارىشىنى ھەقىقىي تىكلەش تەلەپ قىلىنىدۇ. ھازىر، بەزى رەھبىرىي يولداشلار يېشىم چوڭ ئەمەس، سالامەتلىكىممۇ يامان ئەمەس دەپ، ياش كادىرلارنى تەربىيىلەش، تاللاپ ئۆستۈرۈشكە جىددىي قارىمايۋاتىدۇ؛ بەزىلەر ياش كادىرلارغا ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدىگەن ھالدا ماھىيەت جەھەتتىن قارىماي، ياش كادىرلارنى پىشمىغان، ئىشەنچسىز دەپ ھېسابلايدۇ، ئۇلارغا مۇھىم ۋەزىپىلەرنى تاپشۇرۇشقا ئىشەنچ قىلالماي، ئىشلەتكەندەك ئادەم يوقلۇقىنى ھېس قىلىدۇ. بەزىلەرنىڭ ئادەم ئىشلىتىش جەھەتتە نەزەر دائىرىسى كەڭ ئەمەس، كادىرلارنى تاللاشتا ئۆزىگە تونۇش بولغان جاي، ئورۇن ۋە خادىملار بىلەن چەكلىنىپ قالىدۇ. بەزىلەرنىڭ ئادەم تاللاشتىكى چىقىش نۇقتىسى دۇرۇس ئەمەس، شەخسەن ئۆزىنىڭ ياخشى كۆرۈش-كۆرمەسلىكىگە ياكى خىزمەتتە ئۆزى بىلەن ماسلىشىش-ماسلىشالماسلىقىغا ئاساسەن ئادەم تاللايدۇ، پارتىيىنىڭ ئادەم ئىشلىتىش ئۆلچىمىگە ئاساسەن ياخشى-يامانىنى پەرقلەندۈرۈشكە دىققەت قىلمايدۇ؛ بەزىلەر گەرچە بەزى ياش كادىرلارنى تاللاپ ئۆستۈرۈپ رەھبەرلىك بەنزىسىگە كىرگۈزگەن بولسىمۇ، بىراق ئۇلارنى مۇھىم ئورۇنغا قويۇپ چېنىقتۇرۇشقا ۋە سىناشقا جۈرئەت قىلالمايدۇ، ياش كادىرلارنىڭ ئىجادىي يوسۇندا خىزمەت ئىشلەپ بېرىشىنى دادىللىق بىلەن قوللاپ كەتمەيدۇ، ۋە باشقىلار. نۇرغۇن پاكىتلار شۇنى كۆرسەتتىكى، مۇشۇ خىلدىكى كونا، قالاق ئىدىيىۋى كۆزقاراشلار ۋە شەخسىي غەرەزلەرنى چىقىرىپ تاشلىمىغاندا، مۇنەۋۋەر ياش كادىرلار-نىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىغا ۋە ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشىگە توسالغۇ بولىدۇ. شۇڭا، ھەر دەرىجىلىك پارتكوم

بولۇپمۇ ھەر دەرىجىلىك پارتكوم، ھۆكۈمەتنىڭ ئاساسلىق رەھبىرىي كادىرلىرى چوقۇم "پارتىيە ۋە خەلقنىڭ ئىشلىرى ھەممىدىن مۇھىم" دېگەن كۆزقاراشنى مۇستەھكەم تىكلەپ، پېشقەدەم پرولېتارىيات ئىنقىلابچىلىرىغا ئوخشاش پارتىيە ۋە خەلقنىڭ مەنپەئەتىنى كۆزلەش مەيدانىدا چىڭ تۇرۇپ، دەۋر ۋە ئىستراتېگىيە يۇكسەكلىكىدە تۇرۇپ ئىز باسارلارنى تەربىيىلەش ۋە تاللاپ ئۆستۈرۈش مەسىلىسىگە قارىشى، ماركسىزمچى سىياسىئوننىڭ ئىدىيىۋى دۇنياسى ۋە كەڭ كۆكسى ئارقىلىق كادىرلارنىڭ ئالمىشىشىغا قارىشى كېرەك؛ "ئادەم ئىشلىتىشتە ئاساسىي ئېقىمغا، ماھىيىتىگە، تەرەققىياتىغا قاراش كېرەك" دېگەن كۆزقاراشنى تىكلەپ، ياش كادىرلارغا ھەر تەرەپلىمە، توغرا، ئوبيېكتىپ ھالدا قارىشى كېرەك؛ "ئادەمنى خاتا تاللاش، خاتا ئىشلىتىش خاتالىق، ئىختىساسلىقلارنى كۆمۈپ قويۇش، ئىختىساسلىقلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە دەخلى قىلىش ئوخشاشلا خاتالىق" دېگەن كۆزقاراشنى تىكلەپ، ئىختىساسلىقلارنى سەزگۈرلۈك بىلەن بايقاپ، ئەمەلىيەت داۋامىدا مۇنەۋۋەر ئىكەنلىكى ئىسپاتلانغان ياش كادىرلارنى ۋاقتىدا ئىشقا قويۇشى كېرەك؛ "تەجرىبە ئەمەلىيەتتىن كېلىدۇ، يۇكنى قانچە بۇرۇن يۈكلەپ قويسا، شۇنچە بۇرۇن يېتىشىپ چىقىدۇ" دېگەن كۆزقاراشنى تىكلەپ، ئاما ئېتىراپ قىلغان مۇنەۋۋەر ياش كادىرلارنى يۈرەكلىك ھالدا مۇھىم خىزمەت ئورنىغا قويۇشى كېرەك؛ "ئەمەلىي نەتىجىسىگە ئەھمىيەت بېرىش، رىقابەت ئارقىلىق ئەلالىرىنى تاللاش كېرەك" دېگەن كۆزقاراشنى تىكلەپ، مۇنەۋۋەر ئىختىساسلىق خادىملارنى تاللاشتا چەكلىمە قويماسلىق، قېلىپ تورغۇزۇۋالماسلىق كېرەك.

مۇنەۋۋەر ياش كادىرلارنى تاللاپ ئۆستۈرۈش خىزمىتىدە يېڭى ئىلگىرىلەشنى قولغا كەلتۈرۈش، مۇنەۋۋەر ياش كادىرلارنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى ئۈچۈن ياخشى شارائىت يارىتىش ئۈچۈن، كادىرلار تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش جەھەتتە يېڭى بۆسۈشنى قولغا كەلتۈرۈش كېرەك، بولۇپمۇ مۇھىم ھالقىلاردا قەتئىي ئىرادىگە كېلىپ، كۈچ سەرپ قىلىپ يېڭى بۆسۈشنى قولغا كەلتۈرۈش كېرەك. بىرىنچى، دېموكراتىيىنى تېخىمۇ كېڭەيتىپ، ئاممىۋى لۇشيەندە تولۇق مېڭىش كېرەك. كادىرلارنى ئاشكارا تاللاپ ئۆستۈرۈش خىزمىتىنى ئاكتىپ ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. ياش كادىرلارنى تاللاپ ئۆستۈرۈش، ۋەزىپىگە قويۇشتا، ئاممىنىڭ باھاسىغا تېخىمۇ ئەھمىيەت بېرىش، ياش كادىرلارنى ئاشكارا تاللاپ ئۆستۈرۈش خىزمىتىنى قېلىپلاشتۇرۇش، تۈزۈملەشتۈرۈش، ئاممىنى ئەخلاقلىقلارنى، قابىلىيەتلىكلەرنى تاللاش ئىشىغا كۆپرەك قاتناشتۇرۇش كېرەك. پارتىيىنىڭ كادىرلارنى باشقۇرۇشىدا چىڭ تۇرۇش بىلەن ئاممىۋى لۇشيەندە تولۇق مېڭىشنى ئورگانىك ھالدا بىرلەشتۈرۈش كېرەك. ئىككىنچى، كادىرلارنى سىناش تۈزۈمىنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. كادىرلارنى ھەر تەرەپلىمە، توغرا سىناش ئۈچۈن مۇھىمى ئەخلاق، قابىلىيەت، تىرىشچانلىق، نەتىجىسىنى ھەر تەرەپتىن تولۇق چۈشىنىش كېرەك، مەيلى خىزمەتتىكى ئەمەلىي نەتىجىسى بولسۇن ياكى سىياسىي ئىدىيىسى ۋە ئەخلاق-پەزىلىتى بولسۇن، ھەممىسىدە كەڭ دائىرىدە ئاممىنىڭ پىكرىنى ئېلىش

www.uyghurkitap.com

كېرەك. كادىرلارنى سىناش ئىشىنىڭ قاتتىق تەلەپ بويىچە ئەستايىدىل ئىشلىنىشىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، كادىرلارنى سىناش، ئىشلىتىشتە سەۋەنلىك سادىر قىلىپ ئېغىر ئاقىۋەتنى كەلتۈرۈپ چىقارغانلارنىڭ جاۋابكارلىقىنى سۈرۈشتۈرۈش تۈزۈمىنى يولغا قويۇش كېرەك. ئۈچىنچى، كادىرلارنى ئالماشتۇرۇش خىزمىتى-نىڭ سالمىقىنى يەنىمۇ ئاشۇرۇپ، ياش كادىرلارنى كۆپ ئىشلارنى كۆرۈش، تەجرىبىسىنى كۆپەيتىش، ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش كېرەك. كادىرلارنىڭ رەھبەرلىك ۋەزىپىسىنى ئۆستۈرگىلىمۇ، چۈشۈرگىلىمۇ بولىدىغان تۈزۈمنى يۈرگۈزۈش سالمىقىنى ئاشۇرۇش كېرەك. ئومۇمەن، ياش كادىرلارنى قاتتىق تەربىيىلەش، تاللاپ ئۆستۈرۈش، ئىشلىتىش ۋە باشقۇرۇش-نازارەت قىلىش تۈزۈمى ئارقىلىق، جۇشقۇن ھاياتىي كۈچكە ئىگە بولغان ئادەم ئىشلىتىش مېخانىزمىنىڭ شەكىللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ياش مۇنەۋۋەر ئىختىساسلىق خادىملارنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىغا ئىمكانىيەت يارىتىش كېرەك.

ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، مەسئۇلىيەتنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، ياش كادىرلارنى تەربىيىلەش، تاللاپ ئۆستۈرۈش خىزمىتىنى ھەقىقىي ياخشى تۇتۇشى كېرەك. ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار ئەسىر ھالقىپ مۇھىم ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالالايدىغان زور بىر تۈركۈم مۇنەۋۋەر ياش كادىرلارنى تەربىيىلەش ۋە تاللاپ ئۆستۈرۈشنى پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ ئومۇمىيىتى ۋە كەلگۈسى مەنپەئىتىگە مۇناسىۋەتلىك ئىستراتېگى-يىلىك تەدبىر قاتارىدا كۆرۈپ، ھەر ۋاقىت كۆڭلىدە ساقلىشى، قولىدا مەھكەم تۇتۇشى، ئۆز مەسئۇلىيىتىنى تولۇق ئادا قىلىشى كېرەك. ئىدىيىۋى-سىياسىي ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، ياش كادىرلارنى تەربىيىلەش خىزمىتىنى ھەقىقىي ياخشىلاش ۋە كۈچەيتىش، ياش كادىرلارنىڭ ئەمەلىيىتىنى چىقىش قىلىپ، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈپ، نەزەرىيە ئۆگىنىشنى كۈچەيتىش، ئەمەلىيەت جەريانىدا چېنىقتۇرۇش ۋە تەربىيىلەش، باشقۇرۇش جەھەتتە كۈچ سەرپ قىلىش كېرەك. نۆۋەتتە، ”ئۈچنى تەكىتلەش“ تەربىيىسىگە بىرلەشتۈرۈپ، ياش كادىرلارنى يولداش جياڭ زېمىننىڭ ”ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش“ ھەققىدىكى مۇھىم ئىدىيىسىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئۆزلەشتۈرۈپ، ئۆزىنىڭ خىزمىتىنى ”ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش“ تەلىپىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش بىلەن ئورگانىك ھالدا بىرلەش-تۈرۈشكە يېتەكلەپ، ياش كادىرلارنىڭ سىياسىي-ئىدىيىۋى ئاڭ سەۋىيىسىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك. تەربىيىلەش، يېتىشتۈرۈش بىلەن ئەمەلىيەت داۋامىدا چېنىقتۇرۇشنى بىرلەشتۈرۈپ، مۇھىم ئورۇندا ۋە جاپالىق، مۇرەككەپ شارائىتتا ياش كادىرلارنى تەربىيىلەشكە، چېنىقتۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. جاپا-مۇشەققەتنىڭ ئادەمنىڭ يېتىلىپ چىقىشىغا ياردىمى بولىدۇ. ياش كادىرلار جاپالىق شارائىتتا تاۋلىنىش ۋە ئاساسىي قاتلامدا چېنىقىش ئارقىلىقلا ئۆسۈپ يېتىلەلەيدۇ. قىزغىن كۆيۈنۈش بىلەن قاتتىق تەلەپ قويۇشنى بىرلەشتۈرۈپ، ياش كادىرلارغا بولغان دائىملىق باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش كېرەك.

ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار ھەم ياشلارغا ئېغىر ۋەزىپىنى ئارتىپ، ئۇلارنىڭ مۇھىم ئورۇن ۋە مۇھىم ھالقىلاردا چېنىقىۋېلىشىغا پۇرسەت بېرىشى، ھەم ئۇلارغا قاتتىق تەلەپ قويۇشى، ئۇلارنى قاتتىق باشقۇرۇشى، قاتتىق نازارەت قىلىشى كېرەك؛ ھەم ياش كادىرلارنى تەربىيىلىنىشنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىپ، روھىي جەھەتتىن ئۈزلۈكسىز يۈكسىلىپ، ئۆزىنى قەدىرلەشكە، ئۆزىنى تەكشۈرۈپ تۇرۇشقا، ئۆزىنى ئاگاھلاندۇرۇپ تۇرۇشقا، ئۆزىگە ھەيدەكچىلىك قىلىشقا يېتەكلەش، ھەم رەھبەرلەر ۋە يولداشلارنىڭ ياردەم بېرىشى، يېتىشتۈرۈشى ۋە ئامىنىڭ تەربىيىسى، نازارىتى ئارقىلىق، ياش كادىرلارنىڭ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشىگە تۈرتكە بولۇش كېرەك.

**تەرجىمە قىلغۇچى: قاھار پولات**
**مەسئۇل مۇھەررىر: ئەركىنجان**

www.uyghurkitap.com

ISSN 1006-5857

《求是文选》(维吾尔文版)国外代号:M5—V 刊号:ISSN1006—5857 / CN11—2498/D

邮发代号:2—373 定价:2.80元 邮政编码 100013